بسم الله الرحمن الرحیم

زکریا ۱۴۳۰

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرلي

# ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرى

كاشغەر ئىلم ۋە تەتقىقات مەركزى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەريي
**A.Cemal Kaşgarlı**

**مقاصد الشريعة الإسلامية**

عبد الرحمن جمال الكاشغري

# ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرى
(MAKĀSIDÜ'ş-ŞERÎA)

1 - نەشرى
2018 - يىل ئۆكتەبىر / 1440ھ مۇھەررەم

كاشغەر ئىلىم ۋە تەتقىقات مەركىزى نەشر قىلدى
تۈركىيە - ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە


**مۇقەددىمە** ........ 007

**شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ چۈشەنچىسى** ........ 011

***شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ پرىنسىپى*** ........ *014*

***شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئاساسىي ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى*** ........ *021*

1. شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئادالەت ........ 021

2. شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........ 023

(1) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى دىن ۋە دۇنيالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ........ 023

(2) شەرىئەت مەقسەتلىرى ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە ........ 025

(3) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىستىلنى ئىسلاھ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ ........ 027

(4) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئومۇملىققا ئىگە ........ 028

(5) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تەتبىقلاش زۆرۈر ........ 029

***شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ سۈپەتلىرى*** ........ *031*

1. تەبىئىي خاراكتېرگە ئۇيغۇن ........ 031

2. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاسان ........ 033

3. مەقسەتلەرنىڭ ئۆچىنچى سۈپىتى ئېھسان ........ 034

**ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرى** ........ 035

***شەرئەت مەقسەتلىرىنىڭ تۈرلىرى*** ............ *038*

1 ـ زۆرۈر مەقسەتلەر ............ 038

1) دىننى قوغداش ............ 041

2) جاننى ھىمايە قىلىش ............ 043

3) ئەقىلنى ھىمايە قىلىش ............ 046

4) ئابروي، نەسىل ۋە نەسەبنى قوغداش ............ 048

5) مال ـ مۈلۈكنى قوغداش ............ 049

2 ـ ئېھتىياج مەقسەتلىرى ............ 051

3 ـ گۈزەللەشتۈرۈش مەقسەتلىرى ............ 054

**شەرئەت مەقسەتلىرىنىڭ باشقا تۈرلىرى** ............ 056

***1 ـ مەقسەتلەر ئىسپاتلىنىش جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ*** ............ *057*

1) كەسكىن مەقسەتلەر ............ 057

2) كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە مەقسەتلەر ............ 057

3) خىيالى مەقسەتلەر ............ 059

***2 ـ مەقسەتلەر مەسلىنىڭ تۈگۈنىگە قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ*** ............ *059*

1) پرىنسىپال مەقسەتلەر ............ 059

2) تۈر خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر ............ 060

3) تارماق مەقسەتلەر ............ 060

***3 ـ ئەسلى مەقسەتلەر*** ............ *061*

1) ئاساسلىق مەقسەتلەر ............ 061

2) ۋاستە خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر ............ 061

**ئىسلام شەرئىتىدىكى مەنپەئەت ئۇقۇمى** ............ 063

***مەنپەئەتنىڭ تۈرلىرى*** ........ ***064***
1 ـ شەرىئەت ئېتىبارغا ئالغان مەنپەئەت ........ 064
2 ـ شەرىئەت ئىناۋەتسىز دەپ بەلگىلىگەن ئىشلار ........ 066
3 ـ مۇتلەق مەنپەئەت ........ 068
***مەنپەئەتلەرنى چۈشىنىش يوللىرى*** ........ ***073***
1 ـ تەبىئىي خاراكتېر ........ 073
2 ـ ئەقىل ........ 074
3 ـ شەرىئەت ........ 075
***شەرىئەت مەقسەتلىرىدىكى ئەۋزەللىك دەرىجىلىرىنى بەلگىلەش*** ........ ***076***
1 ـ ئىسپاتلىنىش جەھەتتىكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە قارىتا سېلىشتۇرۇش ........ 077
1) نەزەرىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش ........ 077
2) ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش ........ 079
2 ـ تەسىرىنىڭ كۈچىگە قارىتا سېلىشتۇرۇش ........ 080
1) مەنپەئەتنىڭ زىياندىن كۈچلۈك بولۇش ئېتىبارى بىلەن كۈچلەندۈرۈش ........ 081
2) زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ ........ 082
3) ئىككى مەنپەئەتنىڭ كۈچلۈكىنى كۈچلەندۈرۈش ........ 083
4) ئىككى زىياننىڭ كۈچلۈكىنى يوقىتىش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ ........ 083

3 ـ .تەسىرىنىڭ ئومۇملىقىغا قارىتا سىلىشتۇرۇش........084
1) ئومۇمىي مىقدارىغا قارىتا سىلىشتۇرۇش..............085
***شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئالاقىدار بىر بۆلەك قائىدىلەرنىڭ***
***خۇلاسىسى***.......................................................................*088*
بىرىنچى: زىياننى يوقىتىشقا ئالاقىدار قائىدىلەر............088
ئىككىنچى: كىچىلەندۈرگۈچى قائىدىلەر..........................089
ئۈچىنچى: مەنپەئەتنى مەنپەئەتى يوق ئىشلاردىن
كىچىلەندۈرىدىغان قائىدىلەر...............................................089
تۆتىنچى: ھەقىقى مەنپەئەت بىلەن خىيالى مەنپەئەتنى
كىچىلەندۈرىدىغان قائىدىلەر...............................................089
**قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى**...............................................................091
***قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە سۆزلىمەكتە***..............*092*
***ئالىملار نەزىرىدىكى قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى***...................................*093*
بىرىنچى، ئىمام ئىززىددىن ئابدۇسالامنىڭ نەزىرىدە
قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى.........................................................093
ئىككىنچى، مۇپەسسىر رەشىد رىزانىڭ نەزىرىدە
قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى ئون تۆرلۈك.............................094
ئۈچىنچى، ئەللامە تاھىر بىن ئاشۇرنىڭ نەزىرىدىكى
قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى.........................................................095
تۆتىنچى، ئىمام دوكتۇر يۈسۈپ قەرزاۋىنىڭ نەزىرىدە
قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى.........................................................097
بەشىنچى، دوكتۇر تاھا جابىر ئۇلۋانىنىڭ نەزىرىدە

قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى ئۈچ تۈرلۈك ............................ 098
***ئىدىيەنى تۈزۈتۈش قۇرئاننىڭ مۇھىم مەقستى*** ............................... *098*
ئىدىيە ۋە تەپەككۇر مېتودىدىكى نۇقسان تەرەپلەر ....... 102
1. دورامچىلىق ۋە مەيدانسىزلىق ................................ 102
2. پەرەز ۋە گۇمانغا ئەگىشىش .................................. 103
3. ئوخشمايدىغان نەرسىلەرنى باراۋەر قىلىپ
قويۇش، ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى ئايرىۋېتىش ..... 104
***قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇھىم***
***پايدىلار*** ........................................................................ *105*
**ھەدىس شەرىپىنىڭ مەقسەتلىرى** ....................................................... 108
***1 ـ ھەدىس شەرىپىنىڭ رەسۇلۇللاھدىن چىقىش ئورنىنى بىلىش*** ...... *109*
***2 ـ ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلىش*** ........................................ *113*
**فىقھى تەتقىقاتى، پەتىۋا بېرىش ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى** ......... 116
1 ـ شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال ئومۇمى مەقسەتلىرى ........ 117
2 ـ شەرىئەتنىڭ خاس مەقسەتلىرى ................................ 118
3 ـ تارماق مەقسەتلەرنىڭ دائىرىسى ............................ 119
**شەرىئەت مەقسەتلىرىنى فىقھى ئىجتىھادتا ئېتىبارغا ئېلىش**
**تەرەپلىرى** ........................................................................ 120
1 ـ شەرئى دەلىللىنىڭ مەقستىنى تەكشۈرۈش ............. 121
2 ـ ئايەت ـ ھەدىسنىڭ ئارقىسىدىكى مەنپەئەت ۋە
ھېكمەتنى ئىزدەش .............................................................. 122
3 ـ ئەسلى مەقسەت بىلەن قوشۇمچە مەقسەتنى

پەرقلەندۈرۈش.......... 123
4 ـ تارماق مەقسەتلەرنى تەتبىقلىغاندا شەرىئەتنىڭ
ئومۇمى مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلىش.......... 125
5 ـ ھۆكۈمنىڭ دەرىجىسىنى مەنپەئەت ياكى زىيانغا
قاراپ رەتلەش.......... 126
**پەتىۋا ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى.......... 128**
***1 ـ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى.......... 129***
1) زۆرۈرىيەت مەقسەتلىرى.......... 129
2) ئېھتىياج خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر.......... 130
3) گۈزەللەشتۈرۈش ياكى تولۇقلاش مەقسەتلىرى.......... 131
***2 ـ پەتىۋا بېرىش ۋە شەرىئەتنىڭ مەقستى.......... 132***
1) پەتىۋا بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئورنى.......... 132
2) شەرىئەتتە ئاسانلاشتۇرۇش چۈشەنچىسى.......... 133
***3 ـ پەتىۋانى ئاسانلاشتۇرۇشتا چېكىدىن ئاشۇرۇش ۋە
سەل قاراش مەسىلىسى.......... 135***
بىرىنچى، ھۆكۈمنى قاتتىقلاشتۇرۇش ۋە ئېھتىيات
يولىنى تۇتقان ئېقىم.......... 135
ئىككىنچى، سەل قاراش ۋە دەلىلسىز ئاسانلاشتۇرۇۋېتىش
ئېقىمى.......... 138
***4 ـ پەتىۋانى ئاسانلاشتۇرۇش ئۆلچەملىرى.......... 139***
***5 ـ پەتىۋا بېرىشتە ئاسانلاشتۇرۇش ئۆلچەملىرى.......... 141***
ئەسكەرتىش.......... 142

# مۇقەددىمە

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى توغرا چۈشىنىلگەن ۋە ئەمەلىي ھاياتتا تەتبىقلانغاندا ئىنسانلارغا دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلەرنى كۆرسىتىدىغان مۇنار ۋە يول خەرىتىسى بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى پرىنسىپال قىلىپ ۋە ئاساستۇر. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئالەم نەزەرىيەسىدۇر. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش ۋە مەجبۇرىيەتنى ئورۇنلاشنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. شەرىئەت مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار ۋە ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەقسەتلەردۇر.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىسلامنىڭ قانۇن چىقىرىش پەلسەپىسى، چۈنكى مەقسەتلەر ئىشلارنىڭ روھى. شۇڭا بىنائەن شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى ئاساس قىلمىغان فىقھى روھسىز فىقھى ھېسابلىنىدۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى تۇتۇپ ماڭمىغان ئۆلىما روھسىز ئۆلىما دەپ قارىلىدۇ. دىنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشى جانسىز دىندار مۇسۇلمان دەپ تونۇلىدۇ.

شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان، شەرىئەتنىڭ يوليورۇقلىرى ۋە ئەھكاملىرى بۇ مەنپەئەتلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىنىڭ مەقسەت ۋە هېكمەتلىرى بار بولۇپ، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياندىن ساقلىنىشتا خۇلاسىلىنىدۇ. شەرىئەتنىڭ ئالىي مەقسەتلىرى ـ دىن، جان، ئەقىل، ئابرۇي ۋە مال ـ مۈلۈكنى قوغداشتىن ئىبارەت زۆرۈر مەقسەتلەرنى، ئېهتىياج خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەرنى ۋە گۈزەللەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى تولۇقلىما مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى هەر زامان، هەر ماكان، هەر قانداق ئىنسان ۋە هەر قانداق شارائىتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەرىئەت بولۇپ مەقسەتلىرى ۋە پرىنسىپال قائىدىلىرى ئارقىلىق يېڭىدىن يۈز بەرگەن هەر قانداق مەسىلىنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلەيدۇ، يېڭى مەسىلىلەر هەر قانچە كۆپ ۋە تۈرلۈك بولسىمۇ ئاجىز كېلىپ قالمايدۇ. شەرىئەت مەقسەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ هەر زامان ۋە ماكانغا دائىم يارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

شەرىئەت قايسى بىر ئىشقا بۇيرۇغان بولسا، مەنپەئەتنى هاسىل قىلىش ياكى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇيرۇيدۇ. قايسى بىر ئىشتىن توسقان بولسا زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن توسىدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاللاهنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان رەهمىتى. چۈنكى شەرىئەتتىكى كۆرسەتمىلەرنىڭ هەممىسى مەنپەئەتنى ياكى ئۇنىڭغا باشلاپ بارىدىغان ۋاستىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋە زىياندىن ساقلىنىش ياكى ئۇنىڭ ۋاستىسىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى جەهەتتىكى كرىزىسى نەزەرىيە بىلەن تەتبىقلاشنى ئايرىپ قاراپ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن غاپىل

قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان. چۈنكى دىنىنى قوغداش ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت، ئەخلاق ۋە تۈزۈم جەھەتتىن قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەرىئەت مەقسەتلىرى ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە ئىزدىنىش ئۈچۈن يول خەرىتىسىنىڭ ئورنىدا بولالايدۇ، چۈنكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بىر پۈتۈن شەرىئەتكە چېتىشلىق، شەرىئەت بولسا ئىسلامنىڭ ھايات تۈزۈمى.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىش شەرىئەتنىڭ رەھمەت، ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى دۇنياغا تونۇتىدۇ. شۇنداقلا تۈرلۈك مەيدانلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز - قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ. شەكىلگە ئەمەس مەقسەتكە، تارماق مەسىلىگە ئەمەس پرىنسىپال مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىشى زۆرۈر، شەرىئەتنىڭ مەقسىتى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ مەقستىنىڭ دەل ئۆزى، چۈنكى شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ مەنبەسى قۇرئان ۋە سۈننەت. مۇسۇلمان تۇرۇپ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىنچىكە بىلمىسە مۇسۇلمانلىق دەۋاسىغا پەقەت ياراشمايدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ساختا دىيانەتچىلىكتۇر. ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. بولۇپمۇ پەتىۋا چىقىرىش، دەۋەت قىلىش ۋە ئەمەلىي ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار تېخىمۇ مۇھتاج.

بۇ كىتاب شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئۇقۇمى، شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ تۈرلىرى، شەرىئەتتىكى مەنپەئەت ئۇقۇمى،

مەقسەتلەردىكى ئەۋزەللىك دەرىجىسى، شۇنداقلا قۇرئان ـ سۈننەت مەقسەتلىرى ۋە شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ فىقھى تەتقىقاتتىكى ئورنى ۋە پەتىۋا بېرىشتە شەرىئەتكە رىئايە قىلىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە توختىلىدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا پايدىلىق ئوقۇشلۇق بولغۇسى.

مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھدىندۇر، ئالەمگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئا-سالاملار بولسۇن.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەريي

2013ـ يىلى

قاھىرە شەھىرى

# شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ چۈشەنچىسى

شەرىئەت قايسى بىر ئىشنى بۇيرىغان بولسا، مەنپەئەتنى ھاسىل قىلىش ياكى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇيرىغان بولىدۇ. قايسى بىر ئىشتىن توسقان بولسا زىياننى يوقىتىش ياكى ساقلىنىش ئۈچۈن توسقان بولىدۇ. شەرىئەت مەقسەتلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت. شەرىئەتتىكى كۆرسەتمىلەرنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتنى ياكى ۋاستىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، زىياننى ياكى ئۇنىڭغا باشلاپ بارىدىغان ۋاستىلەرنى چەكلەش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

بۇ شەرىئەت ئەھمىيەتسىز يولغا قويۇلمىغان ۋە پەقەت كىشىلەرنى دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈنلا كەلمىگەن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. ھاياتلىقتىكى قايسى بىر ھەرىكەت بولسۇن مەقسەتلىك بولۇپ، يا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ياكى زىت كېلىدۇ.

شەرىئەت كىشىلەرگە كۆيۈنۈپ، كىشىلەرنى نەپسى ـ خاھىشلىرىدىن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە چىقىرىش ئۈچۈن كەلگەن. ئەگەر شەرىئەت «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن بولسا، قاتىل ۋە ئۆلۈمگە ئۇچرىغۇچىنى ھىمايە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ئوغرىلىقتىن توسقان بولسا

باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش، ئوغرىنى ئىنتىقامدىن ساقلاش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش ياكى جەمئىيەتنى ۋەيران بولۇشتىن قوغداش ئۈچۈن توسقان بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى مانا مۇشۇنداق، چۈنكى شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەممىسى رەھمەت، مەنپەئەت ۋە ھېكمەتتىن ئىبارەت.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇقۇملار شەرىئەتنىڭ سىرلىرى، ھېكمەتلىرى ۋە غايىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇلار ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇلاردىن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان كۆرسەتمىلەردىن ئىبارەت، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ـ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، زىياننى يوقىتىش ۋە جەمئىيەتنى زىيانلىق ئىشلاردىن تازىلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدۇر.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى تەرتىپ بويىچە: دىن، جان، ئەقىل، نەسىل ۋە مال ـ مۈلۈكتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەتنى تۈرلۈك دەرىجىلىرى بىلەن قوغداشتىن ئىبارەت. بەزى ئالىملار شەرىئەت مەقسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشىدا بۇ زۆرۈرىيەتلەرنى ـ دىن، جان، ئەقىل، نەسىل، ئىززەت ـ

ئابروي ۋە مال ـ مۈلۈكتىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك دەپ قارايدۇ. بەش دېگۈچىلەر نەسىل بىلەن ئابرۇينى بىر دەپ قارىغان، ئالتە دېگۈچىلەر ئىككىسى ئايرىم دەپ قارىغان. يېقىنقى زاماندىكى بەزى ئالىملار يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە ئادالەت، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئىنسانىي ھۆرمەت، ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەندەك بىر قانچە ھالقىلىق مەسىلىلەرنى قوشقان. دېمەك، يۇقىرىقى بەش ياكى ئالتە تۈرلۈك زۆرۈرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغان نەرسە مەنپەئەتتۇر ۋە بۇنىڭ بىرەرسىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسە زىيانلىقتۇر.

دېمەك، مەقسەتلەر شەرىئەتنىڭ غايىسى ۋە ھەر بىر ھۆكۈمنى يولغا قويۇشتىكى سىرلىرىدۇر، چۈنكى شەرىئەت مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھۆكۈملەردىن ۋە ھەر زاماندىكى ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەقسەتلەردىن ئىبارەت. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش بولۇپ، مەنپەئەت ۋە زىياننى بەلگىلەيدىغان پرىنسىپال قائىدىلەردىن ئىبارەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى جەھەتتىكى كىرىزىسى نەزەرىيە بىلەن تەتبىقلاشنى ئايرىپ قاراپ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن غاپىل قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان. چۈنكى دىننى قوغداش ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت، ئەخلاق ۋە تۈزۈم جەھەتتىن قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنلاش ۋە ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىنساننىڭ ھەققى بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قوغدىشى ۋاجىپ.

ئىنسانىنىڭ دىيانەتلىك بولۇش ھەققى بار، ئۇنداقتا دىننى قوغداش ۋاجىپ. ھايات ياشاش ھەققى بار، ئۇنى قوغداش ۋاجىپ. پەرزەنت كۆرۈش ھەققى بار، ئۇنى قوغداش ۋاجىپ. ئەقىل يۈرگۈزۈش ھەققى بار، ئەقىلنى قوغداش ۋاجىپ. ئىگىدارچىلىق ھەققى بار، ئۇنى قوغداش ۋاجىپ. ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ھەققى بار، ئۇنى قوغداش ۋاجىپ. بۇ يەردىكى ۋاجىپلىق خاس ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن بولىدۇ، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى قوغدىشى ئۇنىڭ ھەققىدە ۋاجىپ ۋە باشقىلار ھەققىدىمۇ ۋاجىپ.

## (1)

## شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ پرىنسىپى

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىنسانىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئىنسانىنى زېمىندىكى ئىزباسار ۋەكىل قىلىشى دېگەن تېمىغا كىرىش ۋە مەقسەتلەرنىڭ ھەر زامان، ھەر ماكانغا ماس كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىش مۇناسىپتۇر.

شەرىئەتلەر ئىنسانلارنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان، شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەقسەتلەرنى ھىمايە قىلىشقا ئىنتىپاق كەلگەن. چۈنكى بۇ مەقسەتلەر ھاياتنىڭ ئاساسىي ۋە تۈۋرۈكى، ھايات پەقەت بۇ مەقسەتلەرنى قوغدىغاندىلا توغرا بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەقسەتلەر بارلىق شەرىئەتلەردە رىئايە قىلىنغان. بۇ مەقسەتلەرنىڭ ئەڭ

ئۆستۈنلىرى: دىن، جان، ئەقىل، نەسىل ياكى ئىززەت ـ شەرەپ ۋە مال ـ مۈلۈكنى قوغداشتۇر. قالغانلىرى بۇلاردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈندۇر.

شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ مەركىزى نۇقتىسى ئىمان ئېيتقان، ئاقىل، ئۆزى ۋە مال ـ مۈلكىگە خاتىرجەم بولالىغان ئىنسان. شەرىئەت بۇنىڭسىز مەۋجۇت بولالمايدۇ، بىرەر مىللەتتە بۇ مەقسەت بۇزۇلسا، ئۇ مىللەت مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قالالمايدۇ. بەلكى هاياتنىڭ ئۆزىمۇ مەنىسىنى يوقىتىدۇ، چۈنكى ئىنسانلار ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان، ئىبادەت دېگەن ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارىنى ئۇلۇغلاپ نەپسى ـ خاھىشىغا قارشى قىلغان ئىش ـ هەرىكىتىدۇر. ئىبادەت تەۋهىدنىڭ روهى، تەۋهىد دىيانەتلىك بولۇشنىڭ جەۋهىرى. ئەقىل مەسئۇلىيەتكە تەكلىپ قىلىنىشنىڭ شەرتى، ئەقىل بولمىسا مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدۇ. پەرزەنت كۆرۈش ئىبادەتنىڭ داۋاملىشىش شەرتى، ئىبادەت قىلىدىغان ئىنسان بولمىسا ئىبادەت پەيدا بولمايدۇ. مال ـ مۈلۈك ئىنساننىڭ ئىبادەت قىلىشتىكى مەدەتكارى. ئىنساننى قوغداش ئۈچۈن ئابرۇيىنى قوغداش لازىم، ئابرۇيى ساقلانسا ئاندىن باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىدۇ.

دېمەك، شەرىئەتلەر بۇ پرىنسىپال مەقسەتلەرنى يوقىتىپ تاشلايدىغان ياكى سەلبى تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى هارام قىلىشتا پەرقلەنمەيدۇ ۋە ئۇ مەقسەتلەرنى هىمايە قىلىشتا باشقىچە قاراشتا بولمايدۇ.

ئىنسان زېمىندا ئاللاهنىڭ ئىزباسار ۋەكىلى بولۇپ، باشقا

ھەر قانداق مەخلۇقلاردىن ئالاھىدە بولغان بىلىم ـ مەرىپەت، ھېكمەت، تەپەككۇر قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش مەنبەسى بولغان ئەقلى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مېتودى بويىچە ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى ۋە پاك ـ ھالال نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى.

زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئاۋات قىلىش، تەرەققى قىلدۇرۇش ئىنساننى زېمىندا ئىزباسار ۋەكىل قىلىشتىكى مەقسەتتۇر. بۇ گۈللىنىش مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننى يوقىتىشتىن ئىبارەت شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھالەتتە بولمىسا قولغا كەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا دەۋەت قىلغان ۋە زىيانلىق ئىشلاردىن توسۇپ كەلگەن: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، ئۇلار «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ» *(بەقەرە، 11 ـ ئايەت)*. ئۇرۇش قوزغاش، كىشىلەر ئارىسىدا جېدەل پەيدا قىلىش، ئەسكى ئىشلارنى تارقىتىش، ئاداۋەت تېرىش، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى پارىخورلۇق، ساختىلىق، ئوغرىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ئارقىلىق يەۋېلىش بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق قاتارىدىن سانىلىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلاھات ۋە مەنپەئەتكە چاقىرىپ كەلگەن، بۇزۇش ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن ئاگاھلاندۇرغان: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار» *(ئەئراف سۈرىسى 79 ـ ئايەت)*. نەسىھەت قىلىش باشقىلارغا ياخشىلىقنى ئىرادە

قىلىشتۇر. ياخشى نەتىجە سەممى بولغانلىقتا ۋە بۇزغۇنچىلىق ئالامەتلىرىدىن خالىي ھالدا ئىشلارنى ئىخلاس بىلەن قىلغانلىقتا نامايان بولىدۇ: «مەن پەقەت سىلەرنى قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن» (ھۇد، 88 - ئايەت).

ئاللاھ ئىنساننى زېمىندا ئىزباسار ۋەكىل قىلىپ ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى تاپشۇرغان:

بىرىنچى: زېمىندا ئىزباسار ۋەكىللىك خىزمىتى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى قانداق يول تۇتىدىغانلىقى بىلەن سىنايدۇ. زېمىندا ئىزباسار ۋەكىل بولۇشنىڭ مەنىسى جەمئىيەت ئەزالىرىدىن ھەر بىر ئەزانىڭ كوللېكتىپقا رىئايە قىلىشى، ئومۇمىي - خۇسۇسىي، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە جەمئىيەتنى ھىمايە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ھەممىڭلار مەسئۇل، ھەممىڭلار ئۆز دائىرەڭلىدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلىسىلەر» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى). ھەدىسنىڭ بۇ ئومۇمىي ھۆكمىدىن ھېچقانداق بىر كىشى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، شۇڭا ئىنساندىن ئىبارەت ۋەكىل جەمئىيەت ئىشلىرىنى ۋەكىل قىلغۇچى ئاللاھنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ئەھكاملىرى بويىچە ئىدارە قىلىشى لازىم. چۈنكى ئىنسان خاتىرجەم جەمئىيەت شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ۋەكىل قىلغۇچى سىزىپ بەرگەن يوليورۇقلار بۇيىچە كۈچىنىڭ يېتىشىچە مەنپەئەتلەرنى پەيدا قىلىشتا ئاللاھنىڭ ئىزباسار ۋەكىلى.

ئىككىنچى: زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئاۋات قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ، ئاللاھ ئىنساندىن ئىبارەت ئىزباسار

ۋەكىلىدىن ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى ئىرادە قىلغان. زېمىننى ئاۋات قىلىش، ئىسلاھ قىلىش، تەرەققى قىلدۇرۇش، بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇش ـ گۈللەندۈرۈش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ: «ئۇ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى ۋە سىلەرنىڭ زېمىننى ئاۋات قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلدى» *(ھۇد سۈرىسى 61 ـ ئايەت)*. بۇ ئايەتتىكى «استعمركم» دېگەن سۆز زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش دېگەن مەزمۇننى كۆرسىتىدۇ، تەلەپ ئاللاھ تەرەپتىن بولسا ۋاجىبلىقنى ئىپادىلەيدۇ *(مانار ۋە قۇرتۇبى تەپسىرىگە قاراڭ)*.

رەسۇلۇللاھ: «كىم باشقىلارغا تەۋە بولمىغان قاقاس بىر زېمىننى گۈللەندۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەققىدۇر» دېگەن *(بۇخارى رىۋايىتى)*، ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ: «ئى بەندىلىرىم! مەن سىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىدىم، زۇلۇم قىلىشنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، شۇڭا زۇلۇم قىلىشماڭلار» دېگەن *(مۇسلىم رىۋايىتى)*.

ئۈچىنچى: ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ قىلغان ھەر قانداق بىر ئىشلىرىدا نامايان بولىدۇ: «مەن جىن ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم» *(زارىيات، 56 ـ ئايەت)*. ئىبادەت خاس ئىبادەت ۋە ئومۇمىي ئىبادەت دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. خاس ئىبادەتلەر ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەجدىن ئىبارەت ئاشكارا مۇئەييەن ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي ئىبادەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن

قىلىنغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، پايدىلىق بىلىم ـ مەرىپەت ياخشى ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىبادەت. بىلىم ـ مەرىپەتنىڭ پايدىسى باشقىلارغا ھالقىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا پەرز ئىبادەتلەردىن كېيىنلا ئەۋزەل ئىبادەت سانىلىدۇ.

زېمىندا ئاللاھنىڭ ئىزباسار ۋەكىلى بولۇش بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئىنسان ئىلاھى كۆرسەتمىلەرنى بىلىش، ئەمەل قىلىش ۋە يەتكۈزۈشتە ۋەكىلدۇر. ۋەكىل زېمىننى ئىدارە قىلىشتا ۋەكىل قىلغۇچىنىڭ مېتودىنى *(يولىنى)* تەتبىقلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ. زېمىننى ئاۋات قىلىش ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسىلەرنى تەل قىلىپ بېرىش ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن ھىمايە قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، زېمىندىكى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن ئىزباسار ۋەكىل بولىدىغان ئادەملەرنىڭ تاللىنىشىنى ۋە ئىنسانلار تۇتۇپ ماڭىدىغان مېتودنى تۈزۈپ بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

زېمىننىڭ ئىزباسار ۋەكىللىرى بولغان ئىنسانلارنى يېتەكلەپ مېڭىش ئۈچۈن ئاللاھ ھەر بىر مىللەتكە ياكى ئاخىردا بارلىق ئىنسانىيەتكە دۇنياۋى بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ بەرگەن. ئاللاھنىڭ مۇئەييەن شەخسلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىشى ئەھمىيەتسىز ئىش ئەمەس، بەلكى زېمىندا مېتودىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ھەر بىر پەيغەمبەرنى ئۆز مىللىتىگە يېتەكچى قىلىپ ئەۋەتكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا بارلىق ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر

قىلغان. ئىنسانلارغا ئۆرنەك بولىدىغان كىشىلەرنىڭ بولىشى زۆرۈر مەسىلە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆرنەك بولىدىغان كىشىلەر ئۆلچەملىك بولىشى لازىم. ئىنسانلارغا ئۆلچەملىك ئۆرنەك ۋە نەمۇنە بولالايدىغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەردۇر.

ئاللاھ زېمىندىكى ئىزباسار ۋەكىلى ئىنسان ئۈچۈن مېتود (ماڭىدىغان يول) تۈزۈپ بەرگەن. بۇ مېتود ئاللاھنىڭ دىن، جان، ئەقىل، نەسىل، ئابروي ۋە مال ـ مۈلۈكتىن ئىبارەت مەقسەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىشتە نامايان بولىدۇ: «ئى داۋۇد! بىز سېنى زېمىندا كىشىلەرگە ھاكىم قىلدۇق، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقارغىن، ھۆكۈم چىقىرىشتا نەپسى خاھىشىڭغا ئەگەشمىگىن، نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش ھەق يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ» (ساد سۈرىسى 26 ـ ئايەت). دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى بار بولۇپ، بۇ مەنپەئەتلەر قولدىن كەتسە، ئىككى دۇنيانىڭ ئىشلىرى بۇزۇلىدۇ. زىيانلىق ئىشلار بار بولۇپ، رېئاللىققا ئايلىنىپ قالسا، ئادەمنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ. ئاقىل كىشىلەر دىن، جان، ئەقىل، ئابروي، نەسىل ۋە مال ـ مۈلۈكنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. بۇ زۆرۈر ئىشلار قوغدالمىسا ۋە ھىمايە قىلىنمىسا زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇ زۆرۈر ئىشلار ۋۇجۇتقا چىقمىسا دۇنيا تۈز ماڭمايدۇ، بەلكى قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننى يوقىتىش ئارقىلىق

ئىسلاھات ۋە ياخشىلىقعا دەۋەت قىلغان، چۈنكى ئاللاھنىڭ زېمىندىكى مېتودىنىڭ غايىسى شۇنداق. دېمەك، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى زېمىندا ئىزباسار ۋەكىللىك ھاسىل بولغان ۋە ئىنسان يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەندىن تارتىپلا پەيدا بولغان. ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلەشكەن ۋە چاقنىغان.

(2)

## شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئاساسي ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارى ئارىسىدا، ئىنسان بىلەن ئۆزى ئارىسىدا، ئىنسان بىلەن باشقىلار ئارىسىدا ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرالمايدىغان مەقسەت شەرىئەتنىڭ مەقسىتى سانالمايدۇ، شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا مەقسەتلەرنى قوغداشنىڭ ئاساسىي ھەر قانداق بىر مەسىلىدە ئادىل ئىش قىلىشتۇر. ئادالەت ۋە ئادىللىق شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، داۋاملىششى، مۇقىملىقى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە كېپىل بولالايدۇ.چۈنكى ئادالەت ھەر قانداق بىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ ھەممىسى ئادالەتتۇر.

### 1. شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئاساسي ئادالەت

ئاللاھ ئىنسانلارنى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆزى، ئەقلى، نەسلى، ئابرويى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغدىمىسا ئىبادەت قىلىش ئىشقا ئاشمايدۇ.

مانا بۇ ئاللاھ تەرەپتىن بولغان ئادالەت. ئادالەت ئاساسلىق ئۆلچەم، چۈنكى ئۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سۇسلۇق قىلىشتىن قوغدايدىغان ئۆلچەم. ئاللاھنىڭ ئادالىتى مۇتلەق بولۇپ، جەمئىيەتنى بىر پۈتۈن سايىسى ئاستىغا كىرگۈزەلەيدۇ ۋە جەمئىيەت ھەربىر ئىنچىكە قانۇن ئىچىدە قائىدىگە سالىدۇ، شەرىئەت مانا مۇشۇنداق ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئادالەت زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي، زېمىننى گۈللەندۈرۈش شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسىتى، بۇ مەقسەت ئىنسانلارنى ھىمايە قىلىش ئاساسىدا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن، كىتابلار چۈشۈرۈلگەن: «كىشىلەرنىڭ ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى پاكىتلار بىلەن ئەۋەتتۇق، ئۇلار بىلەن كىتاب ۋە ئادالەت مىزانىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق» *(ھەدىد سۈرىسى 25 ـ ئايەت)*.

شەرىئەت ئادالەتكە بۇيرۇپ ۋە زۇلۇمدىن توسۇپ، ئادالەت مەسىلىسىگە بەك كۆڭۈل بۆلگەن: «ئاللاھ ئادالەت ۋە ئادىللىققا بۇيرۇيدۇ» *(نەھل، 90 ـ ئايەت)*. ئاللاھ ھەدىس قۇدۇسىدا: «ئى بەندىلىرىم، مەن سىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، زۇلۇم قىلىشنىمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھارام قىلدىم، شۇڭا زۇلۇم قىلىشماڭلار» دېگەن *(مۇسلىم رىۋايىتى)*.

نۇرغۇن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىپلەر ئادالەتنى مەقسەتلەر ۋە شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسى قىلىپ بەلگىلىگەن. ھايات مۇساپىسىنىڭ قايسى بىر ساھەسى بولسۇن ئادالەتتىن خالى ئەمەس. ئىنساننىڭ ئۆزى، ئائىلىسى، جەمئىيىتى،

دوستلىرى، دۈشمەنلىرى ۋە باشقا ئىنسانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىدا ئادىل بولۇشقا تەلەپ قىلىنغان: «سۆز قىلغان چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار» (ئەنئام سۈرىسى 152 ـ ئايەت). «كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» (نىسا، 58 ـ ئايەت).

شەرىئەتنىڭ ئاساسىي ۋە قۇرۇلمىسى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئادالەت شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تەتبىقلاشنىڭ ئاساسى، ئادالەت بولمىسا مەنپەئەتلەر قولدىن كېتىپ قالىدۇ ياكى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئادالەتنىڭ ئاساسى باراۋەر تەتبىقلىنىشتۇر، چۈنكى شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەلگەن مەنپەئەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەنپەئەتلەرنىڭ ئاساسىي ئادالەتتۇر.

باشقىلارغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ زۇلۇم ئۇلارنىڭ دىنى، جېنى، ئەقلى، نەسلى، مال ـ مۈلكى ياكى ئابرۇيىغا زىيان سېلىشتۇر. بۇ زورلۇق ئىشلارغا تاجاۋۇز قىلىش باشقىلار ھەققىدە جىنايەت سادىر قىلغانلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ: «قانلىرىڭلار، مال ـ مۈلۈكىڭلار ۋە ئابرويىڭلارغا چېقىلىش سىلەرگە ھارام» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

## 2. شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

### (1) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى دىن ۋە دۇنيالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

شەرىئەت مەقسەتلىرى دىن ۋە دۇنيالىق دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. مەقسەتنىڭ دىنى بولغانلىقى ئىنسانلارنىڭ دىنىنى قوغداپ بەرگەنلىكىدە، چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارنى

بىرىنچىدىن ئىبادەت قىلىش ۋە دىيانەتلىك بولۇش ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن ھەر قانداق سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە دىنىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە مېڭىش ئۈچۈن ياراتقان.

دىنىنى ئىبادەت ئارقىلىق قوغداش دىندارلىقتۇر، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش دىندارلىقتۇر، گۇناھسىز ئىنساننى قوغداش دىندارلىقتۇر. ئەقلىنى، نەسلىنى، ئابروي ۋە مال ـ مۈلۈكنى قوغداش دىندارلىقتۇر. چۈنكى دىندارلىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە شەرىئەتنىڭ يولىيورۇقى ۋە كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «مەن سىلەرنى بىر ئىشتىن توسقان بولسام يىراق تۇرۇڭلار، بۇيرۇغان بولسام كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار» دېگەن (بۇخارى).

مەقسەتلەرنىڭ دۇنيالىق بولغانلىقى ھايات ئىشلىرىنىڭ شۇ ئاساستا شەكىللىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر، چۈنكى بۇ مەقسەتلەرنىڭ بىرەرسى يوق بولۇپ قالسا ياكى بىرەرسىدە نۇقسان تېپىلىپ قالسا ھاياتنىڭ خاتىرجەملىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ياكى ھاياتنى تۈگەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ئىگىلىرى دىنىنىڭ مەنپەئەت ۋە ياخشىلىقىغا يېتەكلەپ ماڭىدىغانلىقىغا شەك قىلمايدۇ. دىن، ياخشىلىق ۋە توغرا يولغا باشلىيالمىغان ئىنسان دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ: «بۇ دۇنيادا دىلى كور بولغان (يەنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭمىغان) ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ زىيان ئىچىدە بولىدۇ» (بەنى ئىسرائىل، 72 ـ ئايەت). دېمەك، نەپسى خاھىشقا ئەگىشىش شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى زايە قىلىۋېتىشكە باشلاپ بارىدۇ،

دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىش دىنىنىڭ مەقسەتلىرىنى ۋە زۆرۈرىيەتلىرىنى قوغداشنىڭ يولىدۇر.

**(2) شەرىئەت مەقسەتلىرى ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە**

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىنسانپەرۋەر بولغاچقا بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت ئائىلىسىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ: «ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى ئەر ـ ئايالدىن ياراتتۇق، سىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت قىلدۇق» *(نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەت)*.

شەرىئەت ئىنسانىيەت ئائىلىسىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ خىتابىنى كوللېكتىپقا قاراتقان: «سىلەر كېلىپ ئاڭلاڭلار، ئاللاھ هارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ناهەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىپ قويۇڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، هېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەهدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار

ئۇچۇن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» (ئەنئام سۈرىسى 151 ـ 153 ـ ئايەت). مانا بۇ ھۆكۈملەر شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىقى (ئادىمىلىكىنى) قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ، چۈنكى شەرىئەت ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. شەرىئەت ئىنساننىڭ ئىنسانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ياراتقۇچى ئاللاھقا ئىشىنىش، ئاللاھنى يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. شەرىئەت ئىنساننىڭ ئادىمىيلىكىنىڭ داۋاملىشىشىغا كېپىل بولۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ جېنى، ئەقلى، نەسلى، ئابرويى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداشقا بۇيرۇغان ۋە زايە قىلىۋېتىشتىن توسقان: «سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار» (نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت). شەرىئەتتە ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ياكى بەدىنىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرەر ئەزانى شەرئىي ئۆزۈرسىز كېرەكسىز قىلىپ قويۇش ھەققى بولمايدۇ. دېمەك، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق پەقەت ئىنساننىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانپەرۋەرلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

شەرىئەت مەقسەتلىرى ئىنسانپەرۋەر بولغاچقا بىرىنچى قىلىپ ئىنساننىڭ ئىبادەت ئۈچۈن يارىتىلغانلىق غايىسىنى

قوغدايدۇ، ئىبادەت قىلىش دىنىنى قوغداشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئىككىنچى قىلىپ ئىنساننىڭ جېنى، ئەقلى، نەسلى ۋە ئابرويىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۈچىنچى قىلىپ ئىنساننىڭ ھاياتىدا مۇھتاج بولىدىغان مال ـ مۈلكىنى قوغداشنى كۆزلەيدۇ. شەرىئەت مۇكاپات ۋە جازا مەسىلىدىمۇ ئىنسانپەرۋەر، چۈنكى كىم شەرىئەت مەقسەتلىرىنى ھىمايە قىلسا مۇكاپاتلىنىدۇ، كىم زايە قىلىۋەتسە جازالىنىدۇ. دېمەك، ئىنسان شەرىئەتنىڭ غايىسى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋاستىسىدۇر.

**(3) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىستىلنى ئىسلاھ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ**

رەسۇلۇللاھ: «زىيان سېلىشقا ۋە زىيانلىنىشقا بولمايدۇ» دېگەن *(ئىبنى ماجە رىۋايىتى)*. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا زىيان سېلىشى، شۇنداقلا باشقىلار بىلەن زىيان سېلىشىش چەكلىنىدۇ. زىيان سېلىش ياكى زىيان سېلىششىنى ھارام قىلىشتىكى مەقسەت ئىنساننىڭ ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىش، ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنى قائىدىگە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ياراتقۇچى بىلەن بولغان ئىستىلى، ياراتقۇچىنى ھەر قانداق كەمچىلىك سۈپەتلىرىدىن پاك قىلىشنى ۋە بارلىق كامالەت سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۆزى بىلەن بولغان ئىستىلى بارلىق زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسان بىلەن ئالاقىسى دىنى ياكى جېنى ياكى ئەقلى ياكى نەسلى ياكى ئابرويى ياكى مال ـ مۈلۈكىدە زىيانغا ئۇچرىماسلىقنى تەقەززا

قىلىدۇ. دېمەك، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھىمايە قىلىنسا ۋە بارلىق دەرىجىلىرىدە رىئايە قىلىنسا ئىنساننىڭ ئىستىلى ئىنتىزامغا چۈشىدۇ ۋە شەرىئەتنىڭ مۇرادى بويىچە قائىدە ئىنتىزامغا كىرىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىنساننىڭ ئىستىلىنى تۈزەشنى مەقسەت قىلغاچقا شەرىئەت ئالىملىرى زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئېتىبار قاراپ كەلگەن، بۇ پرىنسىپقا زىت كەلگەن نەرسە شەرىئەتنىڭ قاتارىدىن ئەمەس.

شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرى كەڭ ۋە ئومۇمىي بولغاچقا ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىكى تۈرلۈك ھوقۇقلار ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنى، دۇنياۋى، ئەخلاق، ئىقتىساد، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتىدۇ.

**(4) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئومۇملىقىقا ئىگە**

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئوبيېكتىپ ۋە ئادالەت سۈپىتىگە ئىگە، دىنى ۋە دۇنيالىقى بىلەن ئالاھىدە، ئىنسانىي ۋە ئىستىلى خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا ئىش ـ ھەرىكەت قىلغۇچى شەخسكە ئەمەس، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئۆزىگە قارايدۇ. چۈنكى شەرئىي ھۆكۈم ئىنساننىڭ زاتىغا ئەمەس، ئىنساننىڭ ئىش ھەرىكىتىگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئەگەر مېنىڭ قىزىم پاتىمە ئوغرىلىق قىلىپ قالسا، ئەلۋەتتە قولىنى كەسكەن بولاتتىم» *(بۇخارى رىۋايىتى)* دېگەن سۆزى ئوبيېكتىپ، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىستىلنى رەتكە سېلىشتىن ئارتۇق ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ، دېمەك شەرىئەتنىڭ

مەقسەتلىرى ئومۇمىيلىققا ئىگە.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئومۇمىي بولغاچقا شەرىئەتنىڭ خىتابلىرى ئىنسانغا ـ ئىنسان بولۇش ئېتىبارى بىلەن ـ ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قارىتىلغان.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىنسان، زامان، ماكان جەھەتتىن ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنى ئىشلارنىڭ بېشىدا ئەقىدە مەسىلىسىنى، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ بېشىدا ئىنساننىڭ ئۆزى، ئەقلى، ئابرويى، مال ـ مۈلكى ۋە پەرزەنتلىرىنى قوغداش لازىم.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھەممە ئىنسانلارغا ئومۇمى بولغانلىقى ئۈچۈن ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ، چۈنكى شەرىئەتنىڭ خىتابى ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئومۇمىي. مەسىلەن، ئادالەت ئىسلامدا شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئالماشتۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. تارماق ئەھكاملار بولسا شەرىئەتنىڭ ئادالىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زامان ۋە ماكان شارائىتلىرى تۈپەيدىلىدىن بەزىدە ئۆزگىرىدۇ.

**(5) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تەتبىقلاش زۆرۈر**

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان، كۆرسەتمىلىرى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى قوغداشنى كۆزلىگەن. ئىنساننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى قانچىلىك چوڭ

بولسا، مۇكاپات شۇنچە چوڭ بولىدۇ. مەنپەئەت كىچىك بولسا، مۇكاپات ئاز بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى تەتبىقلىنىش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئۇچۇن يولغا قويۇلغان. شەرىئەتنىڭ زۆرۈر مەقسەتلىرىنى تەتبىقلاش ۋە ئىجرا قىلىش پەرز. مەنپەئەت قانچە چوڭ بولسا ھۆكۈم شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. زىيان قانچە چوڭ بولسا، ئۇنى يوقىتىش شۇنچە ۋاجىپ بولىدۇ. دىنىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە چوڭ بولغاچقا ئۇنى قوغداش ئۇچۇن باشقا مۇھىم نەرسىلەر «دىن» يولىدا قۇربان قىلىنىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى تەتبىقلىنىش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئۇچۇن يولغا قويۇلغان، ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ئاساسىدا بولىدۇ. چۈنكى مەجبۇرىيەت ئىنسانلارنىڭ ئىستىلىنى ئىنتىزامغا سالىدۇ، ئالاقە ۋە مۇئامىلىرىنى كونترول قىلىدۇ. ئىلاھى خىتابنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن تەتبىقلاش لازىم. تەتبىقلىسا ۋە ئىجرا قىلسا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، تەتبىقلىمىسا ۋە ئىجرا قىلمىسا جازاغا ئۇچرايدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىكى مەجبۇرىيەت پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇباھ، مەكرۇھ ۋە ھارامدىن ئىبارەت تۆرلۈك ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەجبۇرىيەت زۆرۈرىيەت خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەرگە ئالاقىدار بولسا كۈچلۈك بولىدۇ، تولۇقلاش *(تەھسىنات)* خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەرگە ئالاقىدار بولسا يەڭگىل بولىدۇ. مەنپەئەت قانچە چوڭ بولسا ئۇنى بەرپا قىلىش مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ، بۇزغۇنچىلىق قانچە چوڭ بولسا، ئۇنى يوقىتىش مەجبۇرىيىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

دېمەك، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيەتتۇر، چۈنكى ئۇ مەقسەتلەرنى ھىمايە قىلىدىغان ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرىئەت مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەھكاملاردۇر ۋە ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەقسەتلەردۇر.

(3)

## شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ سۈپەتلىرى

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى قوغدايدىغان ۋە گۈزەللەشتۈرىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى سۈپەتلىرى سانىلىدۇ. مەقسەتلەرنىڭ سۈپەتلىرى تەبىئىي خاراكتېرگە ئۇيغۇن بولۇش ئاساسىدا، ئاسانلىق ۋە پۇختىلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن.

### *1. تەبىئىي خاراكتېرگە ئۇيغۇن*

ئىنساننىڭ خاراكتېرى ئاللاھنى تونۇش ئاساسىدا يارىتىلغان، ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى ئاللاھنىڭ دىنىغا بويسۇنۇش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ئىنسان ئاللاھنىڭ دىنىدىن قانچىلىك چەتنىسە، ئىنسانلىقىدىن شۇنچىلىك ۋاز كەچكەن بولىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ تەبىئى خاراكتېرى شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ سۈپىتى سانىلىدۇ.

ئىنسان تۇغۇلىشىدىن تارتىپ دىندار بولۇش خاراكتېرىدە تۇغۇلىدۇ، ھەر قانداق بىر بوۋاق يامان مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىسا ياراتقۇچىنى تونۇشتىن

ئىبارەت تەبىئىي خاراكتېر ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلى خاراكتېرگە ئىگە يەنى ئەقىلگە ئۇيغۇن. ئىسلام ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ئەخلاق بولۇپ ئەقىل ھېس قىلالايدىغان ئىشلاردىن ئىبارەت. دېمەك، ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ئاقىل، مەدەنىيەت يارىتىشقا تەييار، مەرىپەت ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ۋە ئىنتائەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە خاراكتېردە يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىيىتىگە ئۇيغۇن دىنىدۇر. ئىنساننىڭ ئىنسانلىقى پەقەت دىن ئاساسىدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، ئۇنىڭ دىنى پەقەت ئىنسانلىقى (ئادىمىلىكى) بىلەن ھىمايە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم كاپىرلارنى ئىنسانلىقنى يوقاتقان ھايۋانغا ئوخشاتقان، ئالالاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىغان ۋە يالغانغا چىقارغانلارنى ئىتقا ئوخشاتقان. چۈنكى ھەر بىر ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بۇلغانمىغان بولسا، بۇ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە تەدبىر قىلغۇچىسى بار دەپ ھېس قىلىدۇ. خاتالىق ياكى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالسا خىجىل بولىدۇ، شۇڭا ئىنساننى ئارام تاپتۇرىدىغان نەرسە تەبىئىي خاراكتېرىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىپ قويىدىغان، كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدىغان، ئالالاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت سەپىرىگە توسالغۇ بولىدىغان ھەر قانداق نەرسە ئىنسان خاراكتېرىگە زىت نەرسىدۇر. شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرىنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇشەققەتسىز ئاسان ۋە قولاي ھالدا يولغا قويۇلغان.

## 2. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاسان

رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھقا دىنىنىڭ ياخشىسى توغرا، كەڭ قورساق بولغىنىدۇر» دېگەن *(بۇخارى رىۋايىتى)*. يەنە: «بۇ دىن ئاسان، قايسى بىر كىشى دىن ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۋېتىپ قالسا دىن غالىب كېلىدۇ. *(يەنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن ئاشۇرۇپ قىلىمەن دېسە زېرىكىپ قېلىپ، ئەمەل قىلىشنى تاشلايدۇ)*. شۇڭا دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە توپتوغرا ئىش قىلىڭلار، يېقىنلاشتۇرۇپ ئىش قىلىڭلار، باشقىلارنى ئۈمىدۋار قىلىڭلار، كېچىلىرى ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق مەدەت ئېلىڭلار» دېگەن *(بۇخارى رىۋايىتى)*. دېمەك، ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولغان ئىسلام شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ.

شەرىئەت ئاسان بولغاچقا ئادەتتىن تاشقىرى مۇشەققەتلىك ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئادەمگە بەك ئېغىر كەلگۈدەك كۆرسەتمىلەرگە بۇيرۇمايدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» *(بەقەرە سۈرىسى 122 ـ ئايەت)*. «رەسۇلۇللاھ ئىككى ئىش ئارىلىقىدا ئىختىيارلىق بېرىلسە، گۇناھ بولۇپ قالمىسىلا، ئاسان ئىشنى تاللايتتى» *(بۇخارى رىۋايىتى)*.

دېمەك، دىن ئاسان، كەڭ قورساق ۋە كۆيۈمچاندۇر. رەسۇلۇللاھ: «بۇ دىن ئاسان» دېگەن. شەرىئەتتە ئاسانچىلىق قەستەن تەسىر يەتكۈزمەستىن ياكى ھورۇنلۇق قىلماستىن بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىشتا ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىشتا نامايان بولىدۇ. كىم بۇيرۇلغان ئىشلارغا تەسىر يەتكۈزسە ياكى ھورۇنلۇق قىلسا ياكى چەكلەنگەن ئىشلارنى

ئاسانچىلىققا تايىنىپ تۇرۇپ قىلىپ سالسا، ئاسانچىلىقنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلىغان بولىدۇ. شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش ئاسان، چۈنكى شەرىئەتتە ئىنسانىنىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلار مەۋجۇد ئەمەس. ئاسانچىلىق ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئىخلاس بىلەن ئەگىشىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، ئەگەر ئىخلاس دائىرىسىدىن چىقىپ كەتسە، نەپسى خاھىشقا تەۋە ئاسانچىلىق بولۇپ قالىدۇ.

### 3. مەقسەتلەرنىڭ ئۈچىنچى سۈپىتى ئېھسان

ئاللاھ: «ئاللاھ ھەر قانداق ئىشتا ئادىل قىلىشقا ۋە ھەر قانداق ئىشلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە پۇختا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» *(نەھل، 90 ـ ئايەت)* دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ھەر قانداق ئىشنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە پۇختا قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان» دەيدۇ *(مۇسلىم رىۋايىتى)*. ئىشلارنى گۈزەل شەكىلدە پۇختا بىر تەرەپ قىلىش شەرىئەتنىڭ بارلىق مەقسەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلىقتۇر. مەسىلەن، دىنىنى پەرز ۋە نەپلە ئىبادەت بىلەن قوغداش ئېھساندۇر، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ياخشى ئاسراش ئېھساندۇر، ئەقلىنى ئاسراش ۋە كىبىرەكسىز قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش ئېھساندۇر.

ئېھسان شەرىئەتنىڭ يوليورۇقلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىش، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش، باشقىلاردىن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۆزگە گۇناھ قىلىش ئارقىلىق زۇلۇم قىلماسلىق، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش..تىن ئىبارەت ئىسلام قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرى

شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرى: شەرىئەتنىڭ ئەھكام-لىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇم، غايە ۋە نىشانلارنىڭ يىغىندىسى ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ غايىسى ۋە نىشان-لىرىدىن ئىبارەت. شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرى «بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەتلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار: دىن، جان، ئەقىل، نەسىل - ئابروي ۋە مال - مۈلۈكنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت. شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرى خاس مەقسەتلىرىنىڭ توپلانمىسىدىن شەكىللىنىدۇ، خاس مەقسەتلەر تارماق مەقسەتلەردىن خۇلاسىلىنىدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يولغا قويۇلغانلىقى ئېنىق بىر مەسىلە. مەنپەئەت دېگەن ياخشى ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، زىيانلىق ۋە ناچار ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى مەنبە جەھەتتىن دىنغا تا-يىنىدۇ، مەنپەئەتنى ھاسىل قىلىش ياكى زىياننى يوقىتىش جەھەتتىن دۇنياغا چېتىشلىق بولىدۇ، پايدىلىنىش جەھەتتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بىر

خىل دەرىجىدە ئەمەس بولۇپ، زۆرۈر مەقسەتلەر، ئېھتىياج خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر ۋە گۈزەللەشتۈرۈش مەقسەتلىرى دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن.

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىلىپ چىقىش سەۋەبى يا ھۆججەت ئاساسىدا ياكى ئىزدىنىش ئاساسىدا تىلغا ئېلىنغان، كىلىپ چىقىش سەۋەبى تىلغا ئېلىنمىغان ئەھكاملارنىڭ تەپسىلاتى ئومۇمىيلىقى بىلەن تىلغا ئېلىنغان، يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە كىشىلەرنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق كىلىپ چىقىش سەۋەبى بايان قىلىنغان بولىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن سۆزدە خۇلاسىلىنىدۇ. شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەر بىرسى مەنپەئەتتىن خالى ئەمەس. بۇ سۆز نۇرغۇنلىغان دەلىل پاكىت ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن قائىدە. ئاللاھ: «ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، پايدىلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار» (مۆمىنۇن سۈرىسى 51 ـ ئايەت) دېگەن. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت ياخشىلىقنىلا خالايمەن» (ھۇد، 88 ـ ئايەت) دېگەن.

زىياننى يوقىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىمۇ بىر قانچىلىغان دەلىللەر كەلگەن: «(ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا گۇناھلار قىلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (ئەئراف سۈرىسى 85 ـ ئايەت). يۇقۇرقىدەك بىر قانچىلىغان ئايەتلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلارغا قارشى تۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى

قوغداش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. يەنە بىر قانچىلىغان ئايەتلەر ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ۋە ياخشى ئىشنى مەدھىيىلىگەن. بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلارنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇلارغا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئازاب بىلەن ۋەدە قىلغان. مانا بۇ توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىسلاھ قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىقنى يوقىتىشنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەنپەئەت ۋە زىيان ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنپەئەت ئىنساننىڭ ھاياتى تايىنىدىغان، ئەقلى ۋە شەھۋەت سۈپەتلىرى ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام نەزىرىدە ۋاستە ـ چارىلەر مەنپەئەت ياكى بۇزغۇنچىلىق دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. مەنپەئەتكە باشلاپ بارىدىغان ۋاستىگە مەنپەئەت دەپ ھۆكۈم بېرىلىدۇ، زىيانغا باشلاپ بارىدىغان ۋاستىگە زىيانلىق دەپ ھۆكۈم بېرىلىدۇ. دېمەك، ۋاستىگە مەقسەتلەرنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ.

مەنپەئەت: لەززەت ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، خۇشاللىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدۇر.

زىيان: دەرد ـ ئەلەم ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، غەم ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدۇر.

دېمەك، مەنپەئەت زۆرۈرىيەتلەر، ئېھتىياجلىق ئىشلار ۋە گۈزەللەشتۈرىدىغان تولۇقلىما ئىشلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە مەنپەئەتنىڭ بۇ ئۈچ تۈرى توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىمىز.

# شەرئەت مەقسەتلىرىنىڭ تۈرلىرى

### *1 - زۆرۈر مەقسەتلەر*

زۆرۈر مەقسەتلەر ھايات تۈزۈمىنىڭ نورمال داۋاملىشىشى ۋە كىشىلەر ئەھۋالىنىڭ تەڭپۇڭ بولىشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان مەقسەتلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، دىنىنى ھىمايە قىلىش، كىشىلەرنىڭ جان ۋە ئەقلىنى قوغداش، ئابرۇي ۋە مال مۈلكىنى قوغداش، ئومۇمىي تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش، زۇلۇمنى يوقىتىش، سانائەت بەرپا قىلىش، يېمەك - ئىچمەك ۋە دوختۇرخانا سېلىشقا ئوخشاش ئىشلار.

زۆرۈر مەقسەتلەر ئاساسلىق مەقسەتلەر بولۇپ، بۇ مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى ياكى بىرەرسى يوق بولۇپ قالغاندا ھايات تۈزۈمى بۇزۇلىدۇ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى يوقاپ كېتىدۇ. بۇ مەقسەتلەرنىڭ زۆرۈرلىكىگە بارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاق كېلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ زۆرۈرلىكى ئەقىلگە ئۇيغۇن مەسىلە. زۆرۈر مەقسەتلەر ئىسلامدا «بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەتلەر» ياكى «بەش تۈرلۈك شەرئى پرىنسىپال مەسىلىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار: دىن، جان، ئەقىل، نەسىل - ئابروي، مال - مۈلۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى مۇشۇ زۆرۈرىيەتلەرگە تايىنىدۇ، ئەگەر بىرەرسى يوقاپ كېتىپ قالسا، ئىنسانىيەت ھاياتى تەڭپۇڭسىزلىشىپ كېتىدۇ.

زۆرۈر مەقسەتلەر مەقسەتلەرنىڭ ئانىسى، باشقىسى يار- دەمچىسى بولغاچقا، ئەسلى مەقسەتلەرنى تەرتىپى بۇيىچە ئىشقا

ئاشۇرۇش لازىم. بۇ مەقسەتلەر ساغلام ئەقىل ۋە توغرا نەقىلنى چۈشىنىش ئارقىلىقلا ھېس قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر خاراكتېردىكى ئىشلار بولۇپ، تېپىلماي قالسا زىيانغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئويلىنىش كەتمەيدۇ، زۆرۈرلىكى ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەت پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ، بىرسىدىن چاتاق چىقسا، قالغىنىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شەرىئەتنىڭ ئالىي مەقسەتلىرىنى بىر پۈتۈن كۆرسىتىپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئايال‌لار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلاردىن بەيئەت ئالغىن...» *(مۇمتەھىنە، 12 ـ ئايەت)*.

بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك» دېگەن سۆز تەۋھىد ئاساسىدا دىنىنى ھىمايە قىلىشقا ئىشارەتتۇر. «ئوغرىلىق قىلماسلىق» مال ـ مۈلۈكنى ھىمايە قىلىشقا ئىشارەتتۇر. «زىنا قىلماسلىق» نەسىل، نەسەب ۋە ئابروينى ھىمايە قىلىشقا ئىشارەت. «بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك» جاننى ھىمايە قىلىشقا ئىشارەتتۇر.

شەرىئەتنىڭ بۇ ئومۇمى مەقسەتلىرى ئەنئام سۈرىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان: «سىلەر كېلىپ ئاڭلاڭلار، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ

نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىپ قويۇڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ. ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» *(ئەنئام، 151 ـ 153 ـ ئايەت)*.

بۇ ئايەت تەۋھىدنى ھىمايە قىلىش، جاننى ھىمايە قىلىش، نەسىل ـ ئابروينى ھىمايە قىلىش ۋە مال ـ مۈلۈكنى ھىمايە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

رەسۇلۇللاھ: «كىم دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە شېھىت بولىدۇ، كىم قېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە شېھىت بولىدۇ، كىم مال ـ مۈلكىنى ھىمايە قىلىش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە شېھىت بولىدۇ، كىم ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا

ئۆلۈپ كەتسە شېھىت بولىدۇ» دېگەن *(تىرمىزى رىۋايىتى)*.

## شەرىئەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئومۇمىي مەقسەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### 1) دىنىنى قوغداش

دىنىنى قوغداش پرىنسىپال مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، دىنىنى قوغداشنىڭ مەنىسى هاياتلىقتا دىنىنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتۇر. ئىسلام ئاساسلىرى، شوئارلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى بەرپا قىلىش، ئەھكاملىرى ۋە تەلىماتلىرىنى ھىمايە قىلىشتۇر. ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئىبادەتلىرى، شەرىئەتلىرى ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرى دىنىنى قوغدايدۇ.

توغرا دىن ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر مەنپەئەتتۇر، چۈنكى ئۇ ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۆزى، قېرىندىشى ئىنسان، جەمئىيىتى ۋە كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسىنى رەتكە سېلىپ بېرىدۇ. توغرا دىن ياراتقۇچى، كائىنات، هاياتلىق ۋە ئىنسان توغرىسىدا توغرا تەسەۋۋۇر ۋە ساغلام چۈشەنچە ئاتا قىلىدۇ. توغرا دىن ھەقىقەت، ئادالەت ۋە توغرا ياشاشنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئاللاھ ئىسلام دىنىنى بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن «دىن» قىلىپ تاللاپ بەرگەن ۋە ئۇنى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن هايات يولى قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن: «كىم ئىسلامدىن باشقا بىر دىنىنى ئىزدەپ يۈرسە، ئۇنىڭ دىنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ» *(ئال ئىمران سۈرىسى 85 ـ ئايەت)*.

ئىسلام دىنى ئەقىدە، شەرىئەت، ئەخلاق ۋە تۈزۈمگە ئائالاقىدار ئەھكاملىرىنى كۆپ ئايەتلەردە بايان قىلىپ بەردى. دىنىنىڭ ئىنسان نەپسىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىش، قەلبتە مۇستەھكەملەش، ھايات ۋە جەمئىيەتتە بەرپا قىلىش ۋە زېمىندا تارقىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى يولغا قويدى، شەكىللىرىنى بايان قىلىپ بەردى، چىرايلىق ۋە قانائەتلىنەرلىك ئۇسۇل بىلەن دەۋەت قىلىشنى پەرز قىلدى.

دىنىنى قوغداش ئۈچۈن شاھادەت سۆزىنى ئېيتلان قىلىش، تەۋھىدنى توغرا چۈشەندۈرۈش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، مەسچىت سېلىش، قۇرئان ئۆگىتىش، ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ۋە تۈرلۈك ئورگانلارنى تەسىس قىلىش زۆرۈر.

دىنىنى ھىمايە قىلىش ئەقىدە، ئىبادەت، شەرىئەت ۋە ئەخلاقنى قوغداش ئاساسىدا بولىدۇ. شۇنداقلا دىنى ئەركىنلىككە كېپىل بولۇش ۋە دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلىماسلىق ئاساسىدا بولىدۇ.

دىنىنى قوغداش ۋە دىنىنىڭ سالامەتلىكىگە كېپىل بولۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلماسلىقى ۋە بوزەك قىلماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىشنى يولغا قويدى: «دىنىي ۋە باشقا جەھەتتىن بوزەك قىلىدىغان ھالەتنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ۋە دىنىنىڭ ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەندەك داۋاملىششى ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار» (بەقەر سۈرىسى 193 ـ ئايەت).

دىندار بولۇش ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھاياتلىقتىن

كىيىنلا ئىنسانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى دىن زورلۇق پرىنسىپلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە مەقسەتلەرنىڭ بىرىنچىسى. دىندار بولۇش ھوقۇقى ئەقىل ۋە پىكىرگە، ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكىگە، شۇنداقلا شەخسىي قانائەتلىنىشكە ئالاقىدار، چۈنكى ئەقىدە ئىنسانىنىڭ قەلبىدىن سادىر بولىدۇ، ئۇنى ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق بىرسى كونترول قىلالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىر قانچىلىغان ئايەتلەردە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان، ئازدۇرۇش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كېپىل بولغان، باشقىلارنى دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن زورلاشنى چەكلىگەن، باشقا دىندىكىلەر بىلەن كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىشنى قارار قىلغان.

**2) جاننى ھىمايە قىلىش**

جاننى ھىمايە قىلىشنىڭ مەنىسى ئىنسانىنىڭ ياشاش ھەققى، سالامەتلىكىنى ئاسراش ھەققى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ھەققىگە رىئايە قىلىشتۇر. ئۇ ئىنسانىنى ھەر تەرەپتىن ھىمايە قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش، تەربىيىلەش، ھالال يوللاردىن پۇل تېپىش ۋە پۇلنى توغرا يوللارغا سەرپ قىلىش يولغا قويۇلغان.

شەرىئەت جاننى قوغداش ئۈچۈن يولسىز ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە چىرايىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىشنى ھارام قىلغان، ئىنساننى

كىلونىلاش ۋە گىن بىلەن ئوينىششىنى چەكلىگەن، ئوررۇنسىز ئادەم ئۆلتۈرسە قىساس ئېلىشنى پەرز دەپ بەلگىلىگەن.

شەرىئەت جاننى ساقلاش ئۈچۈن پايدىلىق ۋە پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلغان، نىجىس ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى ھارام قىلغان. بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى ئاشۇرىدىغان نەرسىلەرگە قىزىقتۇرغان ۋە بەدەننىڭ كېسەل ياكى ھالاك بولىشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەردىن ئاگاھلاندۇرغان.

دېمەك، ياشاش ھەققى ئىنساننىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇقى، ھاياتلىق بولسا باشقا ھوقۇقلار تېپىلىدۇ، ھاياتلىق بولمىسا باشقا ھوقۇقلار يوققا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھايات ياشاش ھوقۇقى ئىسلامدا مۇقەددەس ۋە مۇھتەرەم ھوقۇق بولۇپ، ئۇنى قوغداش ۋە ئاسراش ۋاجىپ، تاجاۋۇز قىلىش ھارام: «ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مال ـ مۈلكى ۋە ئابرۇيىغا چېقىلىشى ھارامدۇر» *(مۇسلىم رىۋايىتى)*. رەسۇلۇللاھ يەنە: «قانلىرىڭلار، مال ـ مۈلۈكىڭلار ۋە ئابرۇيىڭلارغا چېقىلىش ھارام» دېگەن *(بۇخارى رىۋايىتى)*.

ھايات ياشاش ھەققى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن كېپىللىككە ئېرىشكەن ھوقۇق مەسىلىسى، بۇنى ھەر تەرەپنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋاجىپ. شۇنداقلا يېمەك ـ ئىچمەك، دورا ۋە خاتىرجەملىكنى تولۇقلاپ بېرىشى ۋاجىپ. شەرىئەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننى ئۆلتۈرۈشنى كەسكىن دەلىللىرى بىلەن ھارام قىلىپ چەكلىگەن. قاتىللىق قىلغان بولسا قىساس ئېلىشنى پەرز قىلغان.

شەرىئەت جاننى ھىمايە قىلىش يولىدا تۆرەلمىنى چۈشۈ-

رىۋېتىشنى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئىنسانغا تاجاۋۇز قىلغانلىق سۈپىتى بىلەن ھارام قىلغان. شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن ھالەتلەردىن باشقا ئەھۋاللاردا يولسىز ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئىككى مۇسۇلمان قوراللىق تۇتۇشۇپ قالسا، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ھەر ئىككىلىسى دوزاختا كىرىدۇ» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىنسانىي مۇئامىلىدىكى ئىسلامنىڭ مېتودى كىشىلەرنى دىن ۋە ئەقىدە جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ قارىمايدۇ. ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى قوغداشمۇ ئىنساننى قوغدىغانلىق قاتارىغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى بارلىق كىشىلەرگە ئادالەتنى تۇرغۇزۇشنى پەرز قىلغان، زۇلۇمنى كىمدىن يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر چەكلىگەن. قان، بەدەن، ئابروي ۋە مال ـ مۈلۈكنى ھىمايە قىلغان. دۈشمەن بىلەن بولسىمۇ ۋە باشقا دىندىكى كىشىلەر بىلەن بولسىمۇ ئىنساپ بىلەن ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان: «ئى مۆمىنلەر! پەقەت ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ھەقىقەتنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشقا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، ئادىللىق تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» (مائىدە سۈرىسى 8 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ: «كىم كېلىشىم تۈزگەن (تىنچلىق ئورناتقان) كىشىگە زۇلۇم قىلسا ياكى ھەققىنى كېمەيتىپ قويسا ياكى ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سالسا، ياكى ئۇنىڭ بىر نەرسىسىنى ئورۇنسىز ئېلىۋالسا، مەن ئۇ ئادەم بىلەن قىيامەت

كۆنــى مۇنازىرلشــمەن» دېگــەن *(ئەبـۇداۋۇد رىۋايىتــى)*.

**3) ئەقىلنى ھىمايە قىلىش**

ئەقىـل ئىنسـاندىكى ئـەڭ ئۇلغـار نەرسـە ۋە ئىنسـاننى باشـقا نەرسـىلەردىن پەرقلەنـدۈرۈپ تۇرىدىغـان ئالاھىـدە سۈپىتىدۇر. ئەقىـل مەسـئۇلىيەتكە تارتىلىشـنىڭ بەلگىسـى، ئـۆزى ۋە كائىنـات بىلـەن مۇئامىلـە قىلىشـنىڭ تۈگىنـى. شـۇڭا ئىنسـان ئەقلىنـى ھىمايـە قىلىـش، تەرەققـى قىلـدۇرۇش، ئۇنـى زىيانلىنىـش، بۇزۇلـۇش ۋە ھالاكەتكـە ئۇچرىتىدىغـان ئىشـلاردىن ئاسرىشـى لازىـم. ئەقىلنـى نادانلاشـتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلاشتۇرۇشـتىن، شـۇنداقلا ئەقىلنـى زەھەرلەيدىغـان ئىدىيـە ۋە مىگـە يۇيـۇش ھەرىكەتلىرىدىــن قوغــداش كېــرەك.

شــەرىئەت بۇنىــڭ ئۈچــۈن بىــر تۈرلــۈك ئەھكاملارنــى يولغــا قويغــان. مەســىلەن، كائىنــات كۆرۈنۈشــلىرى، ھاياتلىــق ۋە ئىنســاننىڭ ئەھۋاللىــرى توغرىســىدا مۇلاھىــزە يۈرگــۈزۈش ۋە تەپەككــۇر قىلىشــقا بۇيرۇغــان.

ئەقىلنــى ھىمايــە قىلىــش ئۈچــۈن ھــاراق ۋە ئۇنىدىــن باشــقا مەس قىلىدىغـان نەرسـىلەرنى ھـارام قىلغـان ۋە ئۇلارغـا دۇنيـا ـ ئاخىرەتتە جازا بېكىتكەن. خۇراپىي ۋە باشقا روھسىزلاندۇرىدىغان نەرسـىلەرنىمۇ ھـارام قىلغـان. ئەقىلنـى خامۇش قىلىدىغـان ياكى دۆتلەشـتۈرىدىغان جىنكەشلىك، داخانلىـق ۋە خۇراپاتنـى ھـارام قىلغــان، تەپەككــۇر قىلىشــقا توســالغۇ بولىدىغــان ئىشــلارنى چەكلىگــەن، كېچىســى ئــارام ئالماســلىقتىن ۋە ۋاقتىنــى زايــە قىلىشــتىن توســقان. شــۇنداقلا نادانلىــق ۋە ساۋاتســىزلىقنى ئەيىبلــەپ، بىلىــم ـ مەرىپــەت ئېلىشقا بۇيرۇغــان ۋە قىزىقتۇرغان.

شۇنداقلا ئىنسانىنىڭ ساغلام تەپەككۇرىنى تەشۋىشكە سالىدىغان ۋە زېھنى ئىقتىدارىنى كېرەكسىز قىلىپ قويىدىغان ھەر قانداق نەرسىلەرنى ھارام قىلغان. ئەقىلنىڭ رولىنى بىكار قىلىپ تاشلاش، ئەقىل ئۆلچەن قىلىنغان ئەڭ چوڭ جىنايەت سانىلىدۇ، چۈنكى ئەقىل مۇلاھىزە قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، پەرقلەندۈرۈش، ۋەھىينىڭ كۆرسەتمىسى سايىسىدا ئىلغار يوللارنى ۋە ئەۋزەل چارىلەرنى تېپىپ چىقىش ئۆلچەن يارىتىلغان.

ئەقىلنى ئىشلىتىش ۋە قوغداشقا دەۋەت قىلىش بولسا ئەمەلىيەتتە دىنى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئەڭ ئىلغار ۋەزىيەتلەرنى بەرپا قىلىشقا چاقىرىشتۇر. بۇ خىل ئىلغار ۋەزىيەتلەرنى شەكىللەندۈرۈش بولسا پىلان تۈزەلەيدىغان، مېتودلارنى ئۆلچەملەشتۈرەلەيدىغان، باسقۇچلارنى بەلگىلىيەلەيدىغان، توسالغۇلارنى ئايرىپ بېرەلەيدىغان، بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، توغرا تەپەككۇر قىلالايدىغان، چارە ـ تەدبىر قوللىنالايدىغان ئەقىل بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئەقىلنىڭ ھوقۇقى تەپەككۇر قىلىشقا چېتىشلىق، ئىسلام دىنى تەپەككۇر قىلىشنى پەرز دەپ قارىغان. كائىنات ۋە ھاياتلىق توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا قىزىقتۇرغان، ئېتىقاد ۋە دىندار بولۇش ھەققىنى بەرگەن. شۇنداقلا ھەقىقەتلەرنى ئېچىش، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە تۈرلۈك بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشقا چاقىرغان.

ئىسلام دىنى پىكىر ئەركىنلىكىنى كەڭرى ئاچقان بولۇپ،

ئالىملارغا دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئىزدىنىش ئىلىپ بىرىش ھەققىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ھاكىملارنى كۆزىتىش، سىياسى قارارلاردا مەسلىھەت بىرىش ئارقىلىق ئورتاقلىششمۇ شۇنىڭ قاتارىغا تەۋەدۇر.

**4) ئابروي، نەسىل ۋە نەسەبنى قوغداش**

نەسلىنى قوغداش ئىنسان تۈرىنى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. نەسەبنى قوغداش شەرئى نىكاھ ئاساسىدا پەرزەنتلەرنىڭ نەسەبلىرىنى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئابروينى قوغداش ئىپپەتلىك بولۇش، ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە چىقىلماسلىق ئاساسىدا بولىدۇ.

نەسلىنى ھىمايە قىلىش ئائىلىنى ھىمايە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئائىلىنى ھىمايە قىلىش ئاياللار ھوقۇقىنى كۈچلەندۈرىدۇ، جەمئىيەت ۋە ئۈممەتنىڭ كەلگۈسى بولغان پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ.

ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش ئابروينى قوغدىغانلىقنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

شەرىئەت نەسىل، نەسەب ۋە ئابروينى قوغداش ئۈچۈن بىر بۆلەك ھۆكۈملەرنى يولغا قويغان. مەسىلەن، توي قىلىشقا ۋە نىكاھ ئاساسىدا پەرزەنت كۆرۈشكە قىزىقتۇرغان.

زىنانى ھارام قىلغان ۋە ئۇلارغا جازا بېكىتكەن. ئابرويغا تۆھمەت قىلغانلارغا ئىغىر جازا بەلگىلىگەن. يات ئاياللار بىلەن ئادەم يوق يالغۇز ئورۇنلاردا بىرگە تۇرۇشتىن، ئاياللارنىڭ

يىرىم يالىڭاچ ياسىنىشىدىن ۋە شەھۋەت كۆزى بىلەن قاراشتىن توسقان. ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ جىنسى تەلىپىنى ئۆز ـ ئارا قاندۇرۇشنى ھارام قىلغان. يالىڭاچ سۈرەتلەر ۋە جىنسى فىلىملەرنى كۆرۈشنى ھارام قىلغان.

ئىپسىل ئەخلاق ۋە ئالى نەمۇنىلەرگە ئىپسىلىشقا بۇيرۇغان، رەزىل، پاھىشە ۋە يامان ئىشلاردىن توسقان.

بالا بېقىۋېلىشنى ھارام قىلغان، چۈنكى ئۇ بالىنىڭ ۋە دادىنىڭ نەسەبىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق ۋە ئىنسانىنىڭ ھەققى قىنىنى ئوغرىغانلىقتۇر.

نەسلنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى پىچىۋېتىشىنى ھارام قىلغاندەك، تۇغۇت چەكلەشنىمۇ ھارام قىلغان.

ئابروي ۋە نەسلنى تېخىمۇ قوغداش ئۈچۈن ئىپىق پاكىت بولماي، شۈبھى ۋە گۇمان بولۇپ قالسا جازا بەرمەسلىككە تەشەببۇس قىلغان. رەسۇلۇللاھ: «مۇمكىن قەدەر مۇسۇلمانلاردىن جازالارنى توسۇپ قىلىڭلار، ئەگەر جازالىماي قويۇپ بېرىش يۈرسىتى بولسا قويۇپ بېرىڭلار، چۈنكى ھاكىمنىڭ كەچۈرۈۋېتىپ خاتالاشقىنى جازالاپ خاتالاشقىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەن (تىرمىزى رىۋايىتى).

**5) مال - مۈلۈكنى قوغداش**

مال ـ دۇنيا جاننىڭ بىر تۇغقىنى ۋە ئىشلارنىڭ ئاساسى. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، مەنپەئەت ئالماشتۇرىدىغان ۋە ھاياتىنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىشقا

يـاردەم بېرىدىغـان ئاساسـلىق ۋاسـىتىدۇر. مـال ـ مۈلۈكنـى قوغـداش ئىقتىسـادى گۈللىنىشـىنىڭ شـەرتىدۇر، شـۇنىڭ ئۈچـۈن مـال ـ مۈلـك زوروُر مەنپەئەتتـۇر.

ئىسـلام دىنـى شەخسـى ئىگىلىدارچىلىقنـى يولغـا قويغـان ۋە قوغدىغـان، پـۇل تېپـش ئۈچـۈن تۈرلـۈك يوللارنـى ئېچىـپ بەرگـەن، تاپقانـدىـن كېيـن ئۇنـى ھىمايـە قىلىـش ئۈچـۈن كۆپلىگـەن ھۆكۈملەرنـى يولغـا قويغـان. ئىقتىسـاد ئىگىلىكىنـى ھىمايـە قىلىـش، قاقتـى ـ سوقتى قىلىشتىن ساقلاش، ئۇنـى توغـرا يولـلار بىلـەن تەرەققـى قىلدۇرۇشـقا ھەرىكـەت قىلىـش ئارقىلىق ئىشـقا ئاشـىدۇ. شـەرىئەت بۇ مەقسـەتنى ئىشـقا ئاشۇرۇش ئۈچـۈن بىـر بۆلـەك ھۆكۈملەرنـى يولغـا قويغـان. مەسـىلەن، خىزمـەت قىلىـش ۋە ھـالال يـول ئارقىلىـق پـۇل تېپىشـقا قىزىقتۇرغـان. بېخىللىـق ۋە تىلەمچىلىكنـى ھـارام قىلغـان.

شـەرىئەت مـال ـ مۈلكنـى ھىمايـە قىلىـش ئۈچۈن ئوغرىلىق، پارىخورلـۇق، جازانـە، مونوپـۇل قىلىۋېلىـش ۋە قىمارنـى ھـارام قىلغـان. چۈنكـى بـۇ ئىشـلار باشـقىلارنىڭ مـال ـ مۈلكنـى ھەقسـىز يەۋالغانلىـق ھېسابلىنىدۇ. باشـقىلارنىڭ مال ـ مۈلكنى ھەقسـىز ئېلىۋالغـان ياكـى بۇزۇۋەتكـەن كىشـىلەر گۇناھـكار سـانىلىدۇ. تاجـاۋۇز قىلغـان ياكـى بۇزۇۋەتكـەن بولسـا تۆلـەپ بېرىشـنى يولغـا قويغـان.

شـەرىئەت قاقـاس ئۆلـۈك زېمىنلارنـى مۇنبەتلەشـتۈرۈش، تېرىلغـۇ ۋە كۆچەتلـەر بىلـەن گۈللەندۈرۈشـكە قىزىقتۇرغـان.

ئىقتىسـادنى تەرەققـى قىلـدۇرۇش، خىزمـەت پۇرسـەتلىرىنى تولۇقـلاپ بېرىـش، ئىشسـىزلىقنىڭ ئالدىنـى ئېلىـش، ئىشسـىزلىق

سەۋەبلىرىدىن بۇزغۇنچىلىق ۋاستىلىرىنى توسۇش ئۈچۈن سانائەت، تېخنىكا، ھۈنەر - كەسىپ بەرپا قىلىشقا قىزىقتۇرغان. زاكات، سەدىقە، ئىئانە ۋە خەير - ئېھسانىنى يولغا قويغان.

دېمەك، زۆرۈر مەقسەتلەر ھايات ئىشلىرىنىڭ داۋاملىششى ۋە تۇرمۇش تۈزۈملىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر. شۇڭا بۇ مەقسەتلەرنى قوغداش، ئاسراش ۋە ھەر تەرەپتىن رىئايە قىلىش ۋاجىپ.

ئىسلام دىنى مال - مۈلۈك توغرىسىدا: «ياخشى مال - دۇنيا ياخشى ئادەم ئۈچۈن نېمىدىگەن ياخشى نەرسە - ھە» دېگەن قائىدىنى بېكىتكەن. كىشىلەر ئارىسىدا توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە سودا سېتىقنىڭ ساغلام قائىدىلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

شۇنىڭ قاتارىدا ھالال، مۇباھ سودا سېتىق ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ بەرگەن، خاتا ۋە زىيانلىق سودا سېتىقلارنى چەكلىگەن.

ئىسلامدا ئىقتىساد ئەھكاملىرى بىلەن گۈزەل ئەخلاقلار بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

### 2 - ئېھتىياج مەقسەتلىرى

شەرىئەت يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك زۆرۈر ئالى مەقسەتلەرنى ھىمايە قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماستىن، مەنپەئەتنى چوڭ - كىچىك بارلىق تۈرلىرىدە ھىمايە قىلغان. بۇنىڭ قاتارىدىن ئېھتىياج ۋە تولۇقلىما خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەردۇر.

ئېھتىياج مەقسەتلىرى دېگەن: ھاجەت تەلەپ قىلىۋاتقان مەقسەتلەردۇر. ھاجەت مەقسەتلىرى زۆرۈرىيەت دەرىجىسىگە بارمايدىغان، بىراق كىشىلەر ئېھتىياج بولىدىغان مەنپەئەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەقسەتلەر ھايات ئۈچۈن بەك زۆرۈر ئورۇندا تۇرمايدۇ، بۇ مەقسەتلەر بولمىسا ھايات توختاپ قالمايدۇ. بىراق بۇ مەقسەتلەرگە ئېھتىياج تېپىلىدۇ، يوق بولۇپ قالسا جاپا ـ مۇشەققەت تۇغۇلىدۇ.

مەسىلەن، ئىبادەتلەرنىڭ تەپسىلاتى، مىقدارى ۋە شەكىللىرىنى بەلگىلەش دىنىنى ھىمايە قىلغانلىقتۇر، چۈنكى تەپسىلاتى ئېنىق بولمىسا ئېنىقسىزلىق پەيدا بولۇپ، نەپسى خاھىش، ھورۇنلۇق قىلىش ۋە سۇسلۇق قىلىش ئالدىدا يول ئېچىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىبادەتنى قوغداش ئۈچۈن تەپسىلاتى، شەرتلىرى، مىقدارلىرى ۋە شەكىللىرىنى بەلگىلەش لازىم بولغان.

شۇنداقلا سودا ـ سېتىق ۋە ئىجارە مۇئامىللىرىنىڭ يولغا قويۇلىشى، كېسەل بولۇپ قالغان ۋە سەپەر قىلغاندا نامازنى قەسىر قىلىپ ۋە جۇغلاپ ئوقۇش رۇخسىتى، روزا تۇتماي كېيىن قازاسىنى قىلىش رۇخسىتىگە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى تېپىلىدۇ.

ئېھتىياج سەۋەبىدىن ئالدىن زاكالەت بېرىش سودىسى، يوق نەرسىنى ياساپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش سودىسى، مۇزارىبە (بىرسى پۇل يەنە بىرسى كۈچ چىقىرىپ شېرىكلىشىش) سودىسى، ھۈنەرۋەنلەر بۇزۇۋەتكەن نەرسىلەرنى تۆلىتىش... دېگەندەك ئىشلارنى دۇرۇس قىلغان. بۇ ئېھتىياجلارنى تاشلاپ قويۇش

ئىنسانىنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئېلىپ بارمايدۇ، بىراق زىيان، مۇشەققەت ۋە سىقىنچىلىققا سەۋەب بولىدۇ. قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەت يۈز بەرگەندە رۇخسەتنى يولغا قويۇش ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدۇر. مۇشۇ ۋەجىدىن ئالىملار ئىسلام شەرىئىتىدىكى چوڭ قائىدىلەرنىڭ بىرى بولغان: «مۇشەققەت ئاسانلىقنى تۇغدۇرىدۇ» ، «ئىش تارايسا كېڭىيىدۇ» دېگەن قائىدىلەرنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن.

شەرىئەت دىننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ قىيىنچىلىق يۈز بەرگەندە يەڭگىللىتىش ئەھكاملىرىنى يولغا قويغان. مەسىلەن، مەجبۇرلانغاندا كۇپرى سۆزنى سۆزلىسە گۇناھكار بولمايدۇ، نامازنى نورمال ئادا قىلىشتىن توسالغۇغا ئۇچرىغاندا مۇمكىن بولغان قايسى شەكىلدە ئادا قىلسا بولىدۇ.

ئېھتىياج مەقسىتىدە جاننى ساقلاش ھەققىدە پاك ياخشى يېمەك - ئىچمەك بىلەن بەھرىمەن بولۇش، ئۆيلەرنى ئېھتىياجغا قارىتا چوڭ سېلىش ۋە ئۆلۈمدىن تۆۋەن دەرىجىلىك قىساسلارنىڭ يولغا قويۇلىشى مۇشۇ قاتارغا تەۋە.

نەسىل، نەسەپ ۋە ئابروينى قوغداشنىڭ قاتارىدىن ئائىلە ھاياتىنى مۇستەھكەم ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈش ۋە زىنانىڭ سەۋەبلىرىنى ھارام قىلىشتۇر، چۈنكى شەرىئەت بەلگىلىگەن ئائىلە ئەھكاملىرى تەسىرگە ئۇچرىسا نەسىل، نەسەپ ۋە ئابرويغا تەسىر يېتىدۇ.

مەس قىلىدىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىش ۋە جازا بېكىتىش، شۇنداقلا سېھىرگەرلىك، داخانلىق ۋە جىنكەشلىكنى

ھارام قىلىش ئارقىلىق ئەقىلنى زوراۋرىيەت جەھەتتىن ھىمايە قىلىش ھاسىل بولسا، ئەقىلنى ئېھتىياج جەھەتتىن ھىمايە قىلىش بىلىم ـ مەرىپەت ئىلىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئارقىلىق بولىدۇ.

مال ـ مۈلۈكنى ھىمايە قىلىش ئىگىدارچىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مۇباھ خاراكتېرىدىكى ئىلىم ـ سېتىمنىڭ كەڭرىلىكىدە نامايان بولىدۇ. شۇنداقلا ئىسراپ قىلىشنىڭ ھاراملىقىدا، كىچىك ۋە ئەقىلسىزلەرگە چەكلىمە قويۇشتا كۆرۈنىدۇ.

### 3 ـ گۈزەللەشتۈرۈش مەقسەتلىرى

زوراۋرىيەت ياكى ئېھتىياج دائىرىسىگە تەۋە بولمىغان ھەر قانداق مەنپەئەت گۈزەللەشتۈرۈش ياكى تولۇقلاش مەقسەتلىرىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ مەقسەت ھاياتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ ۋە گۈزەللەشتۈرىدۇ. بۇ مەقسەتلەر ئارقىلىق ئۈممەتنىڭ ئومۇمى تۈزۈمى مۇكەممەللىشىپ، خاتىرجەم ياشايدۇ. دېمەك، شەرىئەت مەنپەئەتلەرنى بارلىق سەۋىيىسى بويىچە ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. گۈزەللەشتۈرۈشكە ئالاقىدار مەقسەتلەر ۋاجىب، سۈننەت، مۇباھ، مەكرۇھ ۋە ھارام دېگەن تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن، نەپلە ئىبادەت، مۇئامىلىگە ئالاقىدار ئەدەب ـ ئەخلاق، ئېسىل ئادەتلەر، مەكروھ ۋە مەنىسىز ئىشلاردىن ساقلىنىش، ئىسراپ قىلماي چىرايلىق ياسىنىش، ئەتىر ئىشلىتىش، ئەۋرەتنى يۆگەش، نىجىس نەرسىلەرنى ئېلىپ

سېتىشــتىن توســۇش...دېگەنگە ئوخشــاش ئىشــلار.

گۈزەللەشــتۈرۈش ياكــى تولۇقــلاش مەقســەتلىرى زۆرۈرىيــەت ۋە ھاجــەت مەقســەتلىرىگە خىزمــەت قىلىــدۇ، ئۇنــى كۈچلەندۈرىــدۇ، مۇســۇلمانلارنىڭ مەدەنىيىتىنــى كامالەتكــە ئېرىشــتۈرىدۇ ۋە مۇســۇلمانلارنى گــۈزەل شــەكىلدە تونۇشــتۇرىدۇ.

بــۇ ئــۈچ تۈرلــۈك مەقســەت بىــر - بىــرى بىلــەن چېتىشــلىق بولــۇپ، بىــر - بىرىگــە خىزمــەت قىلىــدۇ. بــۇ ئــۈچ تۈرلــۈك مەقسەتنىڭ تولۇقلايدىغــان مەقســەتلىرى بــار بولــۇپ، ئۈممەتنىــڭ ئەقىــدە، ئىبــادەت، قانــۇن، ئەخــلاق ۋە مەدەنىيــەت ئىشــلىرىغا ھەسســە قوشۇشــنى نىشــان قىلىــدۇ.

# شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ باشقا تۈرلىرى

ئىسلام شەرىئىتى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن خاتالىقتىن پاك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىختىلاپتىن خالى ھالدا بىرلىك ۋە بىر - بىرى بىلەن ئۇيغۇنلۇق سۈپىتىگە ئىگە. بۇ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بىر خىل دەرىجىدە ئەمەس. شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى «زۆرۈر دەرىجىدىكى مەقسەتلەر» ، ئاندىن «ئېھتىياج خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر» ، ئاندىن «تولۇقلىما ۋە گۈزەللەشتۈرىدىغان مەقسەتلەر» دىن ئىبارەت. مەقسەتلەر بۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنسىمۇ ھەممىسى ئاخىرى بېرىپ زۆرۈر مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يۈزلىنىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن ئالىملار شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تۈرلۈك ئېتىبارلار بىلەن بىر قانچە تۈرگە بۆلگەن، ئاتالغۇلارنى ئىجات قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بولۇپ كەلگەن تۈرلەر ۋە تارماقلار مەشھۇر بولسىمۇ، بىراق، بۇلار ئالىملارنىڭ ئىجتىھادىدىن ئىبارەت. شۇڭا كېيىنكى ئالىملار ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرى بۇ ساھەنىڭ تەقەززالىرى ۋە يېڭىلىقلىرى ھەققىدە ئىجتىھاد ئېلىپ بارسا بولىدۇ. شەرىئەت مەقسەتلىرى يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك تەقسىماتتىن باشقا تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنگەن.

## 1 ـ مەقسەتلەر ئىسپاتلىنىش جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

شەرىئەتنىڭ بەزى مەقسەتلىرى ئېنىق دەلىل بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ، بەزىسى ئىشارەت يولى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ، يەنە بەزىسىگە ئىشارەتمۇ قىلىنمايدۇ، بىراق ئىشارەت قىلىنمىغان بولسىمۇ كۆپلىگەن ئەھكاملاردا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىدۇ. مەقسەتلەر ئالىملارنىڭ كۆز ـ قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇقۇمىنىڭ ئاشكارا ياكى مەخپىي بولۇشىغا قاراپ كەسكىن، ئېھتىمالى ۋە يەنە خىيالى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

### *1) كەسكىن مەقسەتلەر*

ئۇ كۆپلىگەن دەلىللەرنىڭ ئېنىق كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئادەمنىڭ كاللىسىدا كەسكىنلىكنى پەيدا قىلىدىغان مەقسەتلەردۇر. مەسىلەن، شەرىئەتنىڭ ئاسانلىقى، بەك ئېغىرچىلىقنىڭ كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىق مەقسىتىگە ئوخشاش. بۇ مەقسەت شەرىئەتنىڭ كەسكىن ۋە ئېنىق مەقسەتلىرىنىڭ قاتارىدىن، چۈنكى كۆپلىگەن دەلىللەر شۇنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

قىياس ئېلىشنىڭ ھېكمىتى ھاياتلىقنى ساقلاش ئىكەن ـ لىكىمۇ ئېنىق مەقسەت.نامازنىڭ ئىنسانىنى ناچار ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن توسۇپ قالالايدىغانلىقىمۇ كەسكىن مەقسەت. بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەتلەر ياكى پرىنسىپال ئومۇمى مەقسەتلەر كەسكىن مەقسەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

### *2) كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە مەقسەتلەر*

ئۇ كۈچلۈك ئېھتىماللىق ئاساسىدا بىلىنىدىغان مەقسەتلەر.

بۇ مەقسەتلەرنىڭ كەسكىنلىكىنى ئىپادىلەيدىغانلىق توغرىسىدا دەلىل كەلمىگەن، بىراق بۇ مەقسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەرىئەتنىڭ ئەھكاملارنى يولغا قويۇشتىكى ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن چۈشىنىلگەن بولىدۇ. بىر مەقسەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ھۆكۈملەرنىڭ كېلىشى ئاشۇ مەقسەتنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، شەرىئەت يېمەكلىكتە مونوپۇل قىلىشنى توسقان ۋە مال - مۈلۈكنى تىجارەتكە سالماي بېسىپ يېتىشتىن چەكلىگەن. تىجارەتنى يولغا قويغان، ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغان، نەرسە كېرەك ئالماشتۇرۇش سودىلىرىنى ئاسانلاشتۇرغان ۋە نەپىقە بېرىشكە قىزىقتۇرغان. يۇقىرىقى بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى مال - مۈلۈكنى كەڭرى دائىرىدە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىقتىساد ساھەسىدىكى شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك ئېھتىمالىي ئۇقۇمنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن، شەرىئەت توي قىلماقچى بولغان ئوغۇل - قىزنىڭ بىۋاسىتە ئۆز - ئارا تونۇشۇشقا رۇخسەت قىلغان. نىكاھتا قىز - ئوغۇلنىڭ رازىلىقىنى شەرت قىلغان، شۇنداقلا قىز تەرەپ ۋەلىسىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە توينى ئاشكارا قىلىشنىمۇ شەرت قىلغان. بۇنىڭغا قارايدىغان بولساق، ئەر - ئاياللىق رىشتىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ نىكاھ ئەھكاملىرىدىكى شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ بىر مەقسىتى ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك ئوي پىكىر ياكى كۈچلۈك ئېھتىماللىق ھاسىل بولىدۇ.

شەرىئەتتە كەلگەن كەسكىن ئەھكاملار، كۆچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ئەھكاملارغا سېلىشتۇرغاندا ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئەھكاملارنى چۈشىنىش ۋە ئىجتىھاد ئارقىلىق يەكۈنلەشتە كۈچلۈك ئېھتىماللىق ئېتىبارغا ئىگە. يەنى بىر قانچە خىل ئېھتىماللىقنى كۆرسىتىدىغان ھۆكۈم كۈچكە ئىگە. كۈچلۈك ئېھتىماللىق دېگەن 50% تىن يۇقىرى نىسبەتنى كۆرسىتىدۇ.

### 3) خىيالى مەقسەتلەر

بەزى ھۆججەتلەرنىڭ زاھىرىي بىر قاراشتىلا ياخشىلىق بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق بىر ئاز مۇلاھىزە قىلغاندا، ئۇ ئىشتا مەنپەئەت يوقلىقى ياكى زىياننىڭ پايدىدىن كۆپلۈكى ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ مەقسەت شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن، ھاراقتا ئىقتىسادى پايدا ياكى جىسمانى لەززەت بار دەپ خىيال قىلغانغا ئوخشاش. خىيالى مەنپەئەت 30% نىسبەتنى كۆرسىتىدۇ. خىيالى مەنپەئەت كەسكىن مەقسەت ياكى كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە مەقسەتلەرگە زىت كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىيالى مەنپەئەت رەت قىلىنىدۇ.

## 2 - مەقسەتلەر مەسلىنىڭ تۈگۈنىگە قاراپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ

### 1) پرىنسىپال مەقسەتلەر

ئۇ ئۈممەتنىڭ ھەممىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەقسەتلەردۇر. شەرىئەتتىكى بارلىق ئەھكاملار پرىنسىپال مەقسەتلەرنى ۋۇ-

جۇتقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، زېمىندا ئىزباسار ۋەكىل بولۇش مەقسىتى، ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىش مەقسىتى، ئۈممەتنىڭ تۈزۈمىنى قوغداش مەقسىتى، ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتى، ئادالەتنى تەتبىقلاش، باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش، توغرا يولدا مېڭىش، ھەمكارلىشىش ۋە كەڭ قورساق بولۇش مەقسىتى، قىممەت قاراش ۋە گۈزەل ئەخلاقنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتى...دېگەنگە ئوخشاش. شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەقسەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنى كۆزلەيدۇ.

## 2) تۈر خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر

ئۇ ھايات ساھەلىرىدىن بىر تۈرگە خاس بولغان شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى كۆرسىتىدىغان مەقسەتلەردۇر. ئەھكاملار تۈرلۈك بولسىمۇ شۇ تۈردىكى مەقسەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن، ئائىلە ئەھكاملىرى، شەخسى ئەھكاملار، ئىقتىسادى سودا ئەھكاملىرى، سوتقا ئالاقىدار ئەھكاملارغا ئوخشاش.

## 3) تارماق مەقسەتلەر

ئۇ خاس بەزى ئەھكاملارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنى نىشان قىلىدىغان مەقسەتلەر. تارماق خاس مەقسەت بەزىدە ھۆكۈمنىڭ ئىللىتى ياكى ھېكمىتى دېگەن سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن، تاھارەتنىڭ مەقسىتى پاكىزلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قىمار ۋە ھاراقنى ھارام قىلىشنىڭ مەقسىتى پىتنە ۋە ئاداۋەتنىڭ سەۋەبلىرىنى يوقىتىش، توي قىلىش ئۈچۈن

بىرەيلەن سۆز ئىچىپ قويغان كىشىگە سۆز ئىچىشتىن چەكلەشنىڭ مەقسىتى قىرىنداشلىقنى داۋاملاشتۇرۇش...

بۇ ئۈچ دەرىجىلىك مەقسەتلەر بىر ـ بىرىگە خىزمەت قىلىدۇ ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. چۈنكى ھەر بىر تارماق مەقسەت مۇئەييەن تۈردىكى مەقسەتنى كۈچلەندۈرىدۇ، ھەر بىر تۈردىكى مەقسەت پرىنسىپال ھالقىلىق مەقسەتنى كۈچلەندۈرىدۇ.

## 3 ـ ئەسلى مەقسەتلەر

ھاياتنى قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەنپەئەتلەرنىڭ بەزىسى ئاساسلىق مەسىلىلەردىن، يەنە بەزىسى ۋاستىلەردىن ئىبارەت.

### *1) ئاساسلىق مەقسەتلەر*

ئۇ شەرئى ھۆكۈملەر نىشان قىلىپ كەلگەن مەقسەتلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، جاننى ساقلاش مەقسىتى، ئىجتىمائىي ئادالەت مەقسىتى، ئەر ـ ئاياللىق ھاياتىدىكى خاتىرجەملىك ۋە كۆيۈنۈش مەقستى..ئەسلى مەقسەتلەر سانىلىدۇ.

### *2) ۋاستە خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر*

ۋاستە ـ چارىلەر ئاساسلىق مەقسەت ئەمەس، ئاساسلىق مەقسەتكە باشلاپ بېرىش ئېتىبارى بىلەن مەنپەئەت سانىلىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاستىلەر ۋۇجۇتقا چىقمىسا ئەسلى مەقسەتلەر ئىشقا ئاشمايدۇ ياكى تۇراقسىزلىق يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاستە

ئەسلى مەقسەتنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ. ئەسلى مەقسەت ۋاجىپ بولسا، ۋاستە ۋاجىپ بولىدۇ. ئەسلى مەقسەت سۈننەت بولسا، ۋاستە سۈننەت بولىدۇ. ئەسلى مەقسەت ھارام بولسا، ۋاستە ھارام بولىدۇ.

مەسىلەن، نىكاھ قىلغاندا كىشىلەرنى گۇۋاھلەتتىش پايدىلىق ئىش، ئۇنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس، ئۇ ئەر ـ ئايالنىڭ ھاياتىنىڭ مۇقىملىق، خاتىرجەملىك ۋە داۋاملىشىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ ۋە داۋالغۇش ئامىللىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

شەرىئەتنىڭ ئەسلى مەقسەتلىرى: دىن، جان، ئەقىل، ئابرۇي ۋە مال ـ مۈلۈكنى ھىمايە قىلىش. باشقا مەقسەتلەر شۇ چوڭ زۆرۈر مەقسەتلەرنىڭ ۋاستىسى ياكى قوشۇمچە مەقسەتلەر قاتارىدىن دەپ ھېسابلىنىدۇ.

# ئىسلام شەرىئىتىدىكى مەنپەئەت ئۇقۇمى

مەنپەئەت دېگەن شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھالدا پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر. خەلقلەردىن كۆزلەنگەن شەرىئەتنىڭ مەقسىتى دىن، جان، ئەقىل، نەسىل ـ ئابروي ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداشتۇر. مۇشۇ بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەتنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق ئىشلار مەنپەئەت. مەنپەئەت ۋە بۇزغۇنچىلىق ئۇقۇمى قۇرئان كەرىمدە ياخشىلىق ـ يامانلىق، پايدا ـ زىيان دەپ ئىپادىلەنگەن.

مەنپەئەت دىن ياكى دۇنيالىققا تەۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنپەئەت خەلقلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋە ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرئى مەنپەئەت ھېسسى ماددى مەنپەئەتنى ۋە روھى مەنىۋى مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرئى مەنپەئەت مەنپەئەتنىڭ ئۆزىنى ۋە ۋاستىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاستىلارغا نەتىجىگە يەتكۈزۈش ئېتىبارى بىلەن مەقسەتنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. زىياننى يوقىتىش ياكى ئالدىنى ئېلىشمۇ مەنپەئەت سانىلىدۇ. مەنپەئەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش زىيان سانىلىدۇ، شۇڭا ۋاستىنى چەكلەش قائىدىسى زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. زىيانلىق ئىشنىڭ ۋاستىسىنى چەكلىگەنلىكمۇ

مەنپەئـەت ھېسـابلىنىدۇ.

ئەمەلىي ھاياتتا خالىس مەنپەئەت ياكى خالىس زىيانلىق ئىشلار ئاز بولىدۇ، بەلكى مەنپەئەت خاراكتېرىدىكى ئىشلار بولسا، بىر ئاز زىيىنى بىلەن بىللە بولىدۇ. قايسى بىر زىيانلىق ئىش بولسا، بىر ئاز پايدىسى بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنپەئەت كۆپىنچە پايدىغا ئېلىپ بارسا ياكى ئاقىۋىتى پايدىلىق بولسا مەنپەئەت دەپ ئاتىلىدۇ. زىيانلىق ئىش كۆپىنچە ئېتىبارى بىلەن ياكى ئاقىۋىتى ئېتىبارى بىلەن زىيانلىق دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، مەنپەئەت كۆپىنچە تەرىپىنى ئاساس قىلىدۇ، زىيانمۇ كۆپىنچە تەرىپىنى ئاساس قىلىدۇ.

مەنپەئەت ۋە زىيانلىق ئىشلار تۈرلۈك دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەنپەئەتنىڭ زۆرۈرىيەت دەرىجىسى، ئېھتىياج دەرىجىسى ۋە تولۇقلىما گۈزەللەشتۈرۈش دەرىجىسى دەيدىغان مەشھۇر ئۈچ تۈرى بار. شۇنداقلا ئومۇمى ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەت، پرىنسىپال مەنپەئەت ۋە تارماق مەنپەئەت دەيدىغان تۈرلىرىمۇ بار.

## مەنپەئەتنىڭ تۈرلىرى

### ***1 ـ شەرىئەت ئېتىبارغا ئالغان مەنپەئەت***

ئۇ شەرىئەت دەلىل كەلتۈرۈپ ئېتىبارغا ئالغان ياكى كۆرسىتىپ قويغان مەنپەئەتتۇر. ئۇنىڭ مىساللىرى بەك كۆپ بولۇپ، شەرئى دەلىل ياكى ئىجما ياكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە پرىنسىپال قائىدىلەرگە تايانغان تۇغرا ئىجتىھاد بىلەن مەنپەئەتى بايان قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

1) ناماز ئوقۇشنىڭ مەنپەئەتى ئالالھنى ئەسلەش، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزىنى مۇنكەر ئىشلاردىن ۋە چوڭ جىنايەتلەردىن توسۇش، ئالالھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە كۆرۈنىدۇ.

2) زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ مەنپەئەتى زاكات بەرگۈچىنىڭ نەپسىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى پاكلاشتا كۆرۈنىدۇ. شۇنداقلا بەرىكەتنى ئاشۇرىدۇ، ئەجرىنى كاتتا قىلىدۇ، جەمئىيەتتە كېيىللىك، قېرىنداشلىق ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

3) قاتىللىقنى چەكلەشنىڭ مەنپەئەتى ئىنسان جېنىنى قوغداش، ھاياتىنى ھىمايە قىلىش؛ روھى، بەدىنى ۋە ئەقلى سالامەتلىكىنى ئاسراشتا نامايان بولىدۇ.

4) قازىنىڭ ئاچچىقى قاتتىق كېلىپ قالغاندا ياكى قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەندە ھۆكۈم چىقىرىشتىن توسۇشنىڭ مەنپەئەتى ئادالەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئالدىراپ كەتمەسلىكتە كۆرۈنىدۇ.

5) ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنىڭ گەرچە جازالانسىمۇ ئوغ ـ رىلىغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە كېپىل بولىشىمۇ مەنپەئەتنىڭ جۈملىسىدىن.

ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەنپەئەت شەرئى ھۆججەت ياكى ئىجما بىلەن ئىسپاتلانغاندەك، شۇنداقلا پرىنسىپال قائىدە ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىنساننى كىلونلاشنىڭ ھاراملىقى قائىدە ۋە پرىنسىپلار بىلەن

ئىسپاتلانغان. پرىنسىپال قائىدىلەر ئىنسانىنىڭ دىنىنى قوغداشتا؛ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشتا، چىرايىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىشتىن ۋە ئازابلاشتىن ساقلاشتا، ئىنسانىي ھۆرمىتى ۋە شەخسىيىتىنى ھىمايە قىلىشتا، شۇنداقلا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئويناشماسلىقتا كۆرۈنىدۇ.

### 2 - شەرئەت ئىناۋەتسىز دەپ بەلگىلىگەن ئىشلار

ئۇ شەرئى دەلىل ياكى ئىجما ياكى شەرئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئارقىلىق ئىناۋەتسىزلىكى بەلگىلەنگەن ئىشلاردىن ئىبارەت. بۇ بىر بۆلەك ئىشلاردا شەكلى جەھەتتىن كۆرۈنۈشتە مەنپەئەت باردەك قىلسىمۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى شەرئەت ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېتىبارسىز مەسىلە دەپ بەلگىلىگەن. شۇڭا بۇ ئىشلاردا بىر ئاز پايدا بولسىمۇ، زىيانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق تەرىپى كۆپ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شەرئەت مەسىلىنىڭ كۈچلۈك تەرىپىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇ شەكلى مەنپەئەتنى ئىناۋەتسىز دەپ قارىغان. شەرئەت بىكار قىلىپ تاشلىغان مەسىلە مەنپەئەتنىڭ قاتارىدىن سانالمايدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن: «ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى خۇسۇسىي مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» ، «ھەقىقى مەنپەئەت خىيالى مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» ، «كەسكىن مەنپەئەت گۇمانى مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» دېيدىغان شەرئى قائىدىلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن،

1) ھاراق ئىچىپ ۋە سېتىپ مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولسىمۇ،

بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان پايدىدىن ئېغىر بولىدۇ، زىياننىڭ ئالدىدا بۇ پايدا يوق ھېسابتا، شۇڭا شەرىئەت كۆپ زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن بۇ ئازغىنا پايدىنى ئىناۋەتسىز ۋە بۇزغۇنچىلىق دەپ قارىغان.

2) مىراس مەسىلىسىدە قىزنىڭ ئوغۇل بىلەن باراۋەرلىكى ئىناۋەتسىز، تالاق قىلىش ھوقۇقىدا ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەرلىكى ئىناۋەتسىز، كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن جازانە بىلەن شۇغۇللىنىپ پايدا تېپىش ئىناۋەتسىز، بۇزۇق ئاياللارنىڭ زىنا قىلىپ تاپقان پۇلى ئىناۋەتسىز، مونوپۇل قىلىپ تاپقان پايدا باشقىلارغا كۆپ زىيان ئۇرىدىغان بولغاچقا ئىناۋەتسىز، چۈنكى شەرىئەت بۇ تۈرلەرنىڭ ھەر بىرسىدە قىسمەن مەنپەئەت بولسىمۇ زىياننىڭ كۆپلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىناۋەتسىز دەپ ھۆكۈم قىلغان. شۇڭا بۇ تۈردىكى مەنپەئەتلەر ھەقىقى مەنپەئەت بولماستىن خىيالىي مەنپەئەتتىن ئىبارەت.

3) ئىنساننىڭ نورمال تاقىتى يەتمەيدىغان ساۋابلىق ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش ئىناۋەتسىز دەپ قارىلىدۇ. تاقىتى يەتمەيدىغان ئىتائەت ئىشلار توغرا ئۇتتۇراھال ئىبادەت قىلىش پرىنسىپىغا زىت بولۇپ، زېرىكتۈرۈشكە بەزىدە بىر پۈتۈن شەرىئەتتىن چېكىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا بىلىم ـ مەرىپەت ئېلىش، رىزىق تېپىش ۋە توغرا ئىبادەت قىلىش مەنپەئەتلىرىنى زايە قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا شەرىئەت پەرز ئىبادەتلەرنىڭ مىقدارى ۋە شەكىللىرىنى كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە تاشلاپ قويماستىن ياكى بىدئەت پەيدا قىلىشقا يول ئېچىپ بەرمەستىن ئېنىق دەلىل بىلەن بەلگىلەپ بەرگەن.

4) ئىمتىھانىدا كۆچۈرۈش ياكى ئالدامچىلىق قىلىش ئىناۋەتسىز مەنپەئەت، چۈنكى ئۇ ئوقۇغۇچىلاردا بىلىم - ئىلىش ۋە يۇقىرى سەۋىيەلەرگە توغرا ئۇسۇللار بىلەن ئېرىشىش جەھەتتىن ھورۇن قىلىپ قويىدۇ، شۇنداقلا قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تونۇلماسلىقىدا زۇلۇمغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «كىم ئالدامچىلىق قىلسا، مۇسۇلمانىنىڭ قىلىقىنى قىلغان بولمايدۇ» دېگەن (ئەھمەد رىۋايىتى).

### 3 - مۇتلەق مەنپەئەت

## يەنى شەرىئەت ئېتىبارغا ئالغانلىق ياكى ئىناۋەتسىز قىلغانلىقىغا دەلىل كەلمىگەن مەنپەئەت

ئۇ شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىنىڭ روھى ئاساسىدا توغرا ئىجتىھاد قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان شەرئى مەنپەئەتتۇر. بۇ تۈردىكى مەنپەئەت قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتىن مۇئەييەن دەلىل ئاساسىدا ئىسپاتلانمىسىمۇ، بىراق شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەنپەئەت خاراكتېرلىك ئىش بولىدىكەن شەرىئەت تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدۇ.

ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە (جازا، مىراس، كاپپارەت، ئىددەت تۇتۇش دېگەندەك) ئۆلچەم بېكىتىلگەن ساھەلەردە مەنپەئەت ئاساسىدا ئىش قىلىش توغرا بولمايدۇ. بىراق ئىقتىسادى مۇئامىلە، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەيدانلاردا شەرىئەتنىڭ قائىدە ۋە مەقسەتلىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالەتتە ئىش قىلسا توغرا بولىدۇ. شۇنداقلا ئەقىدە ۋە ئىبادەتكە خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىلاردا، بەزى بىر مۇئامىلە، پەزىلەت ۋە قىممەت قاراشنىڭ

شەكىللىرىدە مەنپەئەت ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى، دەلىللىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە مۇناسىپ.

**مۇتلەق مەنپەئەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ شەرتلىرى:**

1) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش پرىنسىپىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك،

2) دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى باغلاش پرىنسىپىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك،

3) شەرىئەتنىڭ ئېنىق دەلىل ياكى توغرا ئىجماغا قارىشى كەلمەسلىك،

4) شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىش، يەنى شەرىئەتنىڭ بىرەر ئاساسى ياكى ئېنىق دەلىللىرىگە زىت كەلمەسلىك.

5) ئۇنىڭدىن مۇھىم مەنپەئەتنىڭ قولدىن كېتىشىگە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر زىياننىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولماسلىقى لازىم.

مۇتلەق مەنپەئەت شەرىئەتتە ھۆججەت سانىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك ياخشىلىققا بۇيرۇغان، ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك يامانلىقتىن توسقان. ياخشىلىق مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننى يوقىتىش دەپ ئىپادىلىنىدۇ. يامانلىق زىياننى پەيدا قىلىش ۋە مەنپەئەتنى چەكلەپ قويۇش دەپ ئىپادىلىنىدۇ: «كىم قىلچىلىك ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

كىم قىلچىلىك يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» (زەلزەلە، 7 ـ 8 ـ ئايەت). مانا بۇ ئايەت ھەر قانداق ھەجىمدىكى بىر مەنپەئەتنىڭ شەرىئەت تەرىپىدىن بۇيرۇلىدىغانلىقى ۋە تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ مەنپەئەتنى قوغداش شەرىئەت بۇيىچە ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا ھەر قانداق بىر ھەجىمدىكى زىياننىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ زىياننى يوقىتىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ھىمايە قىلىش شەرىئەت بۇيىچە ئەمەل قىلغانلىقتۇر.

قۇرئان كەرىم: «ئاللاھ ئادالەتكە، ئىشلارنى پۇختا گۈزەل شەكىلدە قىلىشقا، تۇغقانلار ۋە يېتىملەرگە خەير ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ سۆز ھەرىكەتلەردىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ» دەيدۇ (نەھل سۈرىسى 90 ـ ئايەت).

يەنە: «ياخشى ئىش قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار غەلىبە قىلىسىلەر» دەيدۇ (ھەج سۈرىسى 77 ـ ئايەت). مانا بۇ ئايەتلەر ھەر قانداق ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ. ھەر قانداق يامانلىقنى ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن توسىدۇ.

خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىدە خىزىرنىڭ ساق كېمىنىڭ بىر تال شالنى ئېلىۋېتىپ كېمىنى تۆشۈك قىلىپ قويۇشى، سىرتقى كۆرۈنۈشتە بۇزغۇنچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىق بولسىمۇ، ماھىيەتتە مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىنغانلىقى ئېنىق مەسىلە.

رەسۇلۇللاھ: «مەنسەپ تەلەپ قىلغان ۋە مەنسەپپەرەس ئادەمنى مەسئۇل قىلمايمىز» دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى). بۇ ھەدىس

مەنسەپپەرەسلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش قائىدىسىنى بېكىتىپ بەرگەن. بىراق رەسۇلۇللاھ زىياد ئىبنى ھارىس سۇدائى دېگەن ئادەم ئۆز قەبىلىسىگە بۇرۇنقىدەك باشلىق بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا قوشۇلغان. دېمەك، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئاساسەن ھوقۇقنى تەلەپ قىلغان ئادەم يارامىلىق بولسا، ئۇنى مەنسەپكە تەيىن قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى بىلەن ماسلاشقان ياكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە خىزمەت قىلىدىغان مۇتلەق مەنپەئەت ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەنپەئەتتۇر. مەنپەئەت بولىدىكەن شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرى ۋە مەقسەتلىرى بىلەن ئۇيغۇنلىشىدۇ. شەرئى دەلىل ھەقىقى مەنپەئەت بىلەن زىتلاشمايدۇ.

دېمەك، مەنپەئەت ئەھكام دەلىللىرىنىڭ چوڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، ئۇ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ كۆپىلىكىدە قىياستىن قېلىشمايدۇ، بەلكى قىياستىن كەڭرەك ئورۇن ئالىدۇ. مەنپەئەت شەرئى دەلىل بولۇپ، كېلىش سەۋەبلىرى ۋە ئومۇمى مەقسەتلىرىگە تايىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئومۇمى قىياس دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئومۇمىي قىياس تارماق قىياس بىلەن تاكامۇللىشىدۇ.

## مۇتلەق مەنپەئەتنىڭ مىساللىرى

1) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ئوسماننىڭ دەۋرىدە قۇرئان كەرىمنىڭ بىر كىتاب شەكلىدە پارچە يازما ماتېرىياللاردىن توپلىنىشى مەنپەئەت ئاساسىدا بولغان، بۇنى: «قۇرئاننى بىز

چۈشۈردۇق، ئۇنى ئۆزىمىز قوغدايمىز» (ھىجىر سۈرىسى 9 ـ ئايەت) دېگەن ئومۇمى قائىدە قوللايدۇ.

2) بىر ئادەمنى بىر قانچە ئادەم بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كېسىۋەتسە، جىنايەتكە قاتناشقان ھەممىسىدىن تەڭ قىساس ئېلىنىدۇ، چۈنكى جازا جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. ئەگەر جىنايەتكە قاتناشقان بىر توپ ئادەم جازالانمىسا، ئۇ ئەھۋالدا بەزى جىنايەتچىلەر جازا ۋە قىساستىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ خاراكتېرلىك جىنايەت سادىر قىلىشقا باشلايدۇ. بىر ئادەمنىڭ بەدىلىگە قىساس ئېلىش ئۈچۈن بىر توپ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسى خاس دەلىل ئاساسىدا ئىسپاتلانمىغان ھۆكۈم. بۇ ھۆكۈم ئىنسانلارنىڭ جېنى، ھاياتى ۋە سالامەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قىساس ئېلىش لازىم دېگەن ئومۇمىي قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

3) قاتناش ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىش، قىزىل چىراغ بېكىتىش، يول بەلگىلىرىنى قويۇش، قوش يول ياساپ چىقىش، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش شەرىئەتنىڭ جان، مال ـ مۈلۈكنى قوغداش، ئامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئەزىيەت، ھالاكەت ۋە قورقۇنچىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت شەرىئەت مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلار مەنپەئەت قاتارىدىن سانىلىدۇ.

4) توي خېتى، سودا سېتىق، ئىجارە ھۆججەتلىرىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا تەستىقلىتىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

5) ئىقتىدارلىق بولسا، ۋاقتى كېلىپ قالسا چېكىنەلەيدىغان بولسا، ئىسلاھ قىلىش نىيىتىدە رادىئو ـ تېلېۋىزور ۋە گېزىت ـ ژۇرنال ساھەلىرىدە خىزمەت قىلىشىمۇ مەنپەئەت سانىلىدۇ.

## مەنپەئەتلەرنى چۈشىنىش يوللىرى

مەنپەئەتلەر ۋە زىيانلىق ئىشلار شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدۇر. شەرىئەت مەنپەئەت بولسا قولغا كەلتۈرۈشنى ياكى ساقلاپ قېلىشنى، زىيان بولسا يوقىتىشنى ياكى ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. زىياندىن خالى ساپ ـ سۈزۈك مەنپەئەتلەر ئاز بولىدۇ.

شۇڭا شەرىئەت بەندىلەرگە كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى ئۆز خا ـ راكتېرى بىلەن مەنپەئەت ۋە زىياننى ئايرىيالايدىغان قىلىپ ياراتقان. ئەگەر ئۇلارنىڭ خاراكتېرى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بۇلغانغان بولسا، ئەقىل تونۇش ۋە يول كۆرسىتىش رولىنى ئالىدۇ. ئەقىل ئاجىز كەلگەندە شەرىئەت ئەقىلنى توغرا ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

### *1 ـ تەبىئىي خاراكتېر*

تەبىئىي خاراكتېر مەنپەئەتنى بىلىش ۋە كۆچلەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى يولىدۇر. ئاللاھ ياراتقان ھەر قانداق نەرسىدە تەبىئىي خاراكتېر تۈزۈمى بولىدۇ، تەبىئىي خاراكتېر ئۆزىگە مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولىدۇ. دىندار بولۇشمۇ ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن ئىش. ئىنسانىنىڭ ئەقلى ۋە خاراكتېرىمۇ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغان.

تەبىئىي خاراكتېر دېگەن ئىنسان ئىنسان بولغاندىن تارتىپ يەنى ئىنسان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئەركىنلىكنى ھېس قىلغاندىن تارتىپ ئاللاھ ئىنساندا ئورۇنلاشتۇرغان ئادىمىلىك سۈپەت. ئىنساننىڭ خاراكتېرى ئىنسانىي ۋە ئادىمىلىك سۈپىتىدۇر، بەلكى ئىنسانلىقنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆز تەبىئىيتى بىلەن ئەقىدىسىنى، ھاياتىنى نەسلىنى، ئابرويىنى، ئەقلىنى ۋە مال ـ مۈلۈكتىن ئىبارەت قىممەت ـ قاراشلىرىنى قوغداشتا ۋە ھىمايە قىلىشتا تەبىئىي خاراكتېرگە ئىگە.

## 2 ـ ئەقىل

ئەقىل بىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بۇلىقى ۋە ئاساسىي، ئىنسان ئەقىل ئارقىلىق ياخشى بىلەن ياماننى، مەنپەئەت بىلەن زىياننى ئايرىيالايدۇ، ئىككى مەنپەئەتنىڭ كۆپلۈكىنى كۆچلەندۈرەلەيدۇ، ئىككى زىيانلىق ئىشنىڭ بەك زىيانلىقىنى تونۇيالايدۇ. دېمەك، ئەقىل ھەقنى ئىزدەپ قالسا ئىگىسىنى توغرا يولغا باشلىيالايدۇ، ناچار ئىشلاردىن توسالايدۇ، مانا بۇ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ دەل ئۆزى، شۇ سەۋەبتىن مەسئۇلىيەت ئەقىلگە يۈكلەنگەن.

شەرىئەت ئۆلىمالىرى مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە زىيانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەقىل ئارقىلىق تونۇلىدۇ، ئاللاھ ئادەم ئەقلىنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان قىلىپ ياراتقان. ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىش، ئۇلاردىن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش، پايدا بىلەن زىياننى ئايرىش ھەقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەقىل شۇنى كۆرسىتىپ

تۇرىدۇ ۋە شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ» (ئىززىددىن ئابدۇسسالام: ئەھكام قائىدىلىرىغا قاراڭ)

## 3 - شەرىئەت

شەرىئەت خىتابلىرى ۋە مەزمۇنلىرىنىڭ ھەممىسى مەقسەت-لەرنى ھىمايە قىلىشقا يۈزلەنگەن، مەقسەتلەرنى قوغداش مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

مەسىلەن، ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ئاسانچىلىقنى ئىرادە قىلىش ئىنسانلاردىن زىياننى يوقىتىش ۋە مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ. شەرىئەت بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شەرىئەت توسقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى زىياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى ساغلام ئەقىل ۋە ئىنسان خاراكتېرىگە ئۇيغۇن. شەرىئەت ئۆلىمالىرى: «شەرىئەتنىڭ ئاساسى ۋە قۇرۇلمىسى بەندىلەرنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك مەنپەئەت ئۈستىگە قۇ-رۇلغان، شەرىئەتنىڭ ھەممىسى ئادالەتتۇر، ھەممىسى رەھمەتتۇر، ھەممىسى مەنپەئەتتۇر ۋە ھەممىسى ھېكمەتتۇر. شۇڭا قايسى بىر مەسىلە ئادالەتتىن زۇلۇمغا، رەھمدىللىكتىن رەھىمسىزلىككە، مەنپەئەتتىن زىيانغا، ھېكمەتتىن ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا چىقىپ كەتسە، شەرىئەتنىڭ قاتارىدىن ئەمەس» دېگەن. (ئىبنى قەييۇم: ئىئلام مۇۋەققىئىن).

دېمەك، ئىنسان تەبىئىي خاراكتېرى ئارقىلىق مەنپەئەتنى تونۇپ قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، زىياننى بىلىپ مۇداپىئە قىلالايدۇ،

بىراق مۇستەقىل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئەقىل تەبئىي خاراكتېرنى توغرا يولغا سېلىشتا ھەمكارلىشىدۇ، ئەگەر ئەقىل ھېرىپ قالسا ياكى ئاجىز كېلىپ قالسا، ھىدايەتنى شەرىئەتتىن ئىزدەيدۇ. چۈنكى شەرىئەت ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق ماكاندا ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ئېھتىدارىغا يارىشا ئىنسانىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەيدىغان ئىلاھىي يول باشچىدۇر.

شەرىئەت قانچە ئەقلى بولغانچە ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، چۈنكى ئىسلامدا ئەقىلدىن يۇقىرى دىنى ئاساس يوق، شۇنداقلا دىندىن يۇقىرى ئەقىل يوق. بەلكى ئەقىلگە ئۇيغۇن دىن ۋە دىنغا ياردەمچى ئەقىل بار. ئاللاھ ئەقىلنى پايدا بىلەن زىياننى ئايرىسۇن دەپ ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلغان ۋە تەبئىي زۆرۈرىيەت بولغان دىن ئارقىلىق ھىدايەت ئاتا قىلغان. دېمەك، تەبئىي خاراكتېر، ئەقىل ۋە شەرىئەت ئىنساننى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن.

## شەرىئەت مەقسەتلىرىدىكى ئەۋزەللىك دەرىجىلىرىنى بەلگىلەش

شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ دەرىجىلىرى بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلىمالار مەقسەتلەرنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا سۈرۈشتىكى سېلىشتۇرۇشتا ئۆلچەملىك قائىدىلەرگە تايىنىش لازىم. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىكى ئەۋزەللىكنى بەلگىلەشتىكى مۇھىم قائىدىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

## 1 - ئىسپاتلىنىش جەھەتتىكى كۈچ-قۇۋۋىتىگە قارىتا سىپىلىشتۇرۇش

مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرىئەتنىڭ مەقسىتى شەرئى ھۆكۈمنىڭ غايىسى. پايدا - زىيان ھەر بىر ھۆكۈمدە ئېنىق ۋە كەسكىن بولماي قالىدۇ، بەزىسىدە ئېنىق بولسا، يەنە بەزىسىدە كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە بولىدۇ، يەنە بەزىسىدە خىيالى مەنپەئەت بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن ياكى كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ياكى خىيالى مەنپەئەت دېگەندەك مەقسەتلىرى ئوخشىمايدىغان ھۆكۈملەر ئۆلىمالارنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش لازىم. ناۋادا ھۆكۈملەر زاھىرىي جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن زىتلىشىپ قالغۇدەك بولسا، كەسكىن ۋە ئېنىق بولغان مەقسەتنى كۈچلەندۈرۈپ، كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە بولغان مەقسەتنى ئارقىغا سۈرۈشى، خىيالى بولغىنىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىشى زۆرۈر. كەسكىن بولغان شەرئى ھۆكۈم مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە بولغىنىدىن يېقىن بولىدۇ. شەرئى مەقسەتنىڭ كەسكىن ياكى ئېھتىمالى ئىكەنلىكىدىكى ئىسپاتلىنىش دەرىجىسىنى ئىككى تەرەپتىن سىپىلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇھىم.

**1) نەزەرىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق سىپىلىشتۇرۇش**

ئۆلىما شەرئى ھۆكۈمنىڭ مەقسىتىگە قاراپ چىقىدۇ، دەلىلىنىڭ نەقىل ياكى ئەقلى ئىجتىھاتى دەلىل ئىكەنلىكىگە

قاراپ چىقىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەقسەتنىڭ كەسكىن ۋە ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆلىمالار مەقسەتنى ئېنىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئاساسلىق ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويغان...

مەسىلەن، ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار ياشايدىغان بەزى ئەللەردە بەزى مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھالال دېگەن باھانە بىلەن ئوغرىلايدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ئۆلىمالار بۇ مەسىلىگە قاراپ چىقسا ئۈچ خىل ھۆكۈمنى بايقايدۇ. بىرىنچىسى: بۇ مەسىلىنى چەكلەش لازىم، چۈنكى مۇنكەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئىسلامدىن تۆھمەتنى يىراقلاشتۇرۇش شەرىئەتنىڭ مەقسىتى. ئىككىنچىسى: ئوغرىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن جاننى ھىمايە قىلىش ۋە ئۆزىنى ئوغرىغا تاقابىل تۇرۇش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ئارقىلىق ھالاكەتكە ئىتتىرمەسلىك. ئۈچىنچىسى: ئوغرىلارغا ياردەم قولىنى سوزۇپ، تېخىمۇ ئوغرىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، بۇنىڭ مەقسىتى ئوغرىلانغان مال ـ مۈلۈك بىلەن مۇسۇلمانلارنى كۈچلەندۈرۈش ۋە دۈشمەنلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش دېگەندەك.

ئۆلىمالار مۇناسىپ ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ تۈرلۈك مەقسەتلەر ئارىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، بىرىنچى مەقسەتنىڭ نەقلى ۋە ئەقلى دەلىلىنىڭ كۆپلۈكىدىن كەسكىن ئىسپاتلانغانلىقىنى بايقايدۇ. ئىككىنچى مەقسەتنىڭ ئېھتىمالى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، چۈنكى مۇنداق مۇنكەرگە قارشى

چىقسا، مۇنكەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ يوللىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ھالاكەتكە بىۋاستە ئۇچرىتىدىغان ھالەت شەكىللەنمەيدۇ. ئۈچىنچى مەقسەتنىڭ خىيالى مەنپەئەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يوقلۇقىنى، بەلكى ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇڭا كەسكىن ئىسپاتلانغان بىرىنچى ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرۈپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

**2) ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش**

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئىسپاتلىنىش جەھەتتىن نەزەر تاشلىغان كىشىگە بەزىدە بۇ ئېنىق مەقسەت، ئاۋۇ ئېھتىمالى مەقسەت دېگەن كۆز قاراش پەيدا بولىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن قاراپ چىقىش زۆرۈر بولسىمۇ، بىراق كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى رېئال ھاياتتا ئەمەلىي تەسىرى بولۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىسپاتلىنىش جەھەتتىن مەيلى كەسكىن ياكى كۈچلۈك ئېھتىمالى بولسۇن، تۈرلۈك شارائىت سەۋەبىدىن بەزى كەسكىن ئىسپاتلانغان شەرئى مەقسەت بەزىدە رېئاللىقتا يۈز بېرىش جەھەتتىن كۈچلۈك ئېھتىمالى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۆلىمالار شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئىسپاتلىنىش دەرىجىلىرىنى بەلگىلىگەندە نەزەرىيە جەھەتتە ئىزدىنىش بىلەن توختاپ قالماستىن، ئەمەلىي ھاياتتىكى تەسىرى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىش زۆرۈر، چۈنكى ئەھكاملار مەقسەت دەرىجىسىگە قاراپمۇ كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن، ھەزرىتى ئۆمەر ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن يىلى

ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسىدىغان ھۆكۈمنى ۋاقتىنچە تەتىقلىمىغان. مال ـ مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش نەزەرىيە جەھەتتىن كەسكىن ئىسپاتلانغان، بۇ مەقسەت نەزەرىيە جەھەتتىن كەسكىن بولسىمۇ، ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن رېئاللىقتا تەتىقلانمىغان، چۈنكى ئاچارچىلىق ئوغرىلىق قىلىشقا قىستايدۇ. ئوغرىغا جازا تۇرغۇزماي ئۈممەتتىكى قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككىنچى ھۆكۈم نەزەرىيە جەھەتتىن كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىي يۈز بېرىش جەھەتتىن كەسكىنلىككە يېقىن، چۈنكى جازا يۈرگۈزمەسلىك قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈپ تاشلايدۇ، ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن ئوغرىلىق قىلغانلىققا جازا بەرمەسلىك زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭا ھەزرىتى ئۆمەر بۇ كۈچلۈك ئېھتىمالى ھۆكۈمنى مەقسەت ئېتىبارى بىلەن كۈچلەندۈرگەن.

***2 ـ تەسىرىنىڭ كۈچىگە قاراپ سېلىشتۇرۇش***

ھۆكۈملەردىكى شەرئىي مەقسەت مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرـ گۈدەك ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئالغۇدەك تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇشىنى كۆزلەيدۇ. مەنپەئەت بىلەن زىيان بىر خىل دەرىجىدە بولمايدۇ. ھاياتتا بەزى مەنپەئەتلەر بەختلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزگۈدەك ۋە بەزى زىيانلار ۋەيرانچىلىق سېلىش دەرىجىسىگە يەتكۈزگۈدەك كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىدۇ، يەنە بەزىسى ئازراق تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆلىمالار ھۆكۈم ئالغاندا كۆپ مەنپەئەت كېلىدىغان ۋە زىياننى بەكرەك توسالايدىغان ھۆكۈمنى يەكۈنلەيدۇ، چۈنكى بارلىق شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ مەقسىتى

مەنپەئەتنى رىئاللىقتا ئاشۇرۇش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

ساپ مەنپەئەت ۋە ساپ زىيان ئاز بولىدۇ، مەنپەئەت ۋە زىياننىڭ كۆپىنچىسى مەنپەئەت ۋە زىياننى ئارىلاش ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنپەئەت ۋە زىيان ئارىلاش بولغان ئىشلاردا مەنپەئەت كۈچلۈك بولسا ئۇنى كۈچلەندۈرىمىز، زىيىنى كۈچلۈك بولسا ئۇنى كۈچلەندۈرىمىز. شۇنىڭغا ئاساسەن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى كۆپرەك مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە كۆپرەك زىياندىن ساقلىنىش ئېتىبارى ئاساسىدا ئۈچ تەرەپتىن سېلىشتۇرىمىز.

**1) مەنپەئەتنىڭ زىياندىن كۈچلۈك بولۇش ئېتىبارى بىلەن كۈچلەندۈرۈش**

ئۆلىمالار ئىجتىھاتى قاراشلىرىدا ئىككى ھۆكۈم ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇۋاتقان ئىككى ھۆكۈمگە قاراپ چىقىپ پايدا - زىياننى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن بىر ھۆكۈمنىڭ ھاياتتا زىيىنىدىن مەنپەئەتى كۆپ بولسا، مەنپەئەتى كۆپ بولغان ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن، غەرق بولۇپ كېتەي دەپ قالغان بىر ئادەمنى شۇ مەيداندا بار بولغان بىر ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشى ۋاجىپ دېگەن ھۆكۈم بىلەن ۋاجىپ ئەمەس بەلكى سۈننەت دەپ قارىغان ھۆكۈم ئارىسىنى ئايرىيالماي قالغان بولسا، ئۇ چاغدا ھەر ئىككى ھۆكۈمنىڭ مەقسىتىگە قاراپ چىقىش لازىم. ۋاجىپ دېگەن ھۆكۈمنىڭ مەقسىتى ئىنساننى ھالاكەتتىن قوغداپ قېلىش ئىكەنلىكىنى، سۈننەت دېگەن ھۆكۈمنىڭ مەقسىتى

جاپا تارتماسلىق، ۋاقىتنى زايە قىلغانلىق ۋە نەق پايدا كەلمەيدىغان ئىشنى دەپ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلالماسلىق دېگەن ھۆكۈمنى سىڭدۈرۈپ كۆرسە، ئىنساننى قوزغىتىپ ئىشلىتىش مەقسىتىنىڭ چوڭ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. بۇ مەنپەئەتنىڭ ئالدىدا باشقا مەنپەئەتلەر تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنى ئارتۇقچە ئىش دەپ قاراش ئېغىر زىياندۇر. دېمەك، سىڭدۈرۈلگەندىن كېيىن مەنپەئەتكە قاراپ تۇرۇپ ۋاجىپ دېگەن ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**2) زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ**

يۇقىرىقى سىڭدۈرۈش ساپ ياكى كۈچلۈك ئېھتىمالى بولغان مەنپەئەت بىلەن ساپ زىيان ياكى كۈچلۈك ئېھتىمالى بولغان زىيان ئارىسىنى سىڭدۈرۈشقا ئالاقىدار ھۆكۈم. بىراق ھاياتتا دائىم ساپ مەنپەئەت ۋە ساپ زىيان بولۇۋەرمەيدۇ، كۆپىنچە مەنپەئەتنى بىلەن زىيىنى تەڭ بولۇپ قالىدىغان ياكى بىرسى يەنە بىرسىدىن كۈچلۈك بولىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆلىمالار زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا قويىدىغان ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرۈش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار: «زىياننى يوقىتىش مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ» دېگەن قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

مەسىلەن، ھاراق بىلەن قىمارنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئىككى نەرسىنىڭ ئەقىل، جىسىم ۋە مال ـ مۈلۈككە ئېغىر زىيىنى بار. بۇ نەرسىلەردە بىر ئاز مەنپەئەت بولسىمۇ، زىيىنىنىڭ

ئالدىدا مەنپەئەتى يوقنىڭ ھۆكمىدە. شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ زىياننى يوقىتىش كىچىك مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان.

**3) ئىككى مەنپەئەتنىڭ كۈچلۈكىنى كۈچلەندۈرۈش**

ئىجتىھاد مەيدانىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ بەزىلىرىگە قارىساق مەنپەئەت يا ساپ بولىدۇ يا كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر بىر مەسىلىدە كۈچلۈك مەنپەئەت بىلەن نورمال مەنپەئەت توقۇنۇشۇپ قالسا،يۇقىرى مەنپەئەت ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

مەسىلەن، بىلىم ـ مەرىپەت ئېلىش شەرىئەتنىڭ مەقسىتى، پۇل تېپىش ۋە بالىلارنى ھۈنەرگە بېرىشمۇ شەرىئەتنىڭ مەقسىتى. ئەگەر شەرئى ھۆكۈم دادىنىڭ بالىلىرىغا بىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىشنىڭ ۋاجىپلىقى بىلەن پۇل تېپىشتا ياردەملىشىشكە سېلىش ئارىسىدا ئارىسالدى بولسا، بىلىم ـ مەرىپەت ئېلىشنىڭ ۋاجىپلىقى دېگەن ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى بىلىم ـ مەرىپەتتىن كېلىدىغان مەنپەئەت پۇل تېپىشقا سالغان مەنپەئەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ. سەۋەبى، بىلىم ـ مەرىپەت ئەقلنى قوغدايدۇ، پۇل تېپىش مال ـ دۇنيانى ھىمايە قىلىش دائىرىسىگە تەۋە بولسىمۇ، بىراق مال ـ دۇنيانى قوغداشنىڭ دەرىجىسى ئەقلنى قوغداش دەرىجىسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن زۆرۈر مەقسەتلەر ئېھتىياج خاراكتېرلىك ۋە تولۇقلىما خاراكتېرلىك مەقسەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

**4) ئىككى زىياننىڭ كۈچلۈكىنى يوقىتىش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ**

يېڭىدىن يۈز بەرگەن بىرەر مەسىلىدە مەنپەئەتنى قولغا

كەلتۈرۈش زىياننى يوقىتىش ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، زىياننى يوقاتقانلىق مەنپەئەت سانىلىدۇ. بىرەر مەنپەئەتنى ھاسىل قىلىشتا ئىككى تۈرلۈك زىيان بولۇپ قالسا،چوڭ زىياننى دەسلەپتە يوقىتىش لازىم.

ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە: «ئىككى زىياننىڭ بىرنى تاللاش توغرا كەلسە، يەڭگىل زىياننى تاللاش لازىم» دېگەن قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

مەسىلەن، سۇلتان ۋە ھاكىملارنىڭ ئۈممەتكە مۇستەبىتلىك قىلىشى، زۇلۇم قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ئادالەتسىزلىك قىلىشى چوڭ زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسانىي ھۆرمەتنى دەپسەندە قىلغانلىق، ئەركىنلىكنى بوغقانلىق ۋە ئادالەتكە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەنلىكتۇر. ئەگەر بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كۆپىنچە ئەھۋالدا سەۋەبلىرى تولۇق بولمىغانلىق سەۋەبىدىن مۇستەبىتلىكنى تۈگىتەلمىسە، چوڭ ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. مۇستەبىتلىكمۇ ئېنىق ھالدا ئېغىر زىيانغا باشلاپ بارىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئېغىر پىتنە سەۋەب بولىدىغان زىياندىن ساقلىنىش بىلەن زۇلۇم ۋە مۇستەبىتلىك پەيدا قىلىدىغان زىياندىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى ھۆكۈمنى سېلىشتۇرۇپ، ئىككى زىياننىڭ قايسى ئېغىر بولسا، شۇنى توسۇش كېرەك.

### 3 - .تەسىرنىڭ ئومۇملىقىغا قارىتا سېلىشتۇرۇش

شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ كىشىلەر ھاياتىدىكى تەسىرىنىڭ ھەجمى زامان ۋە كۆلەم جەھەتتىن بىردەك بولمايدۇ. تە-

سىرىنىڭ كەڭلىكىدىكى پەرق مەقسەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن سېلىشتۇرۇشتا ۋە ھۆكۈملەرنى بىر ـ بىرىدىن كۈچلەندۈرۈشتە ئۆلچەم قىلىنىشقا تېگىشلىك.

قايسى بىر شەرىئەت مەقسىتىنىڭ ھاياتتىكى تەسىرى كەڭ بولسا، مەيلى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە بولسۇن ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بولسۇن تەسىرى تار بولغان مەقسەتنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. تەسىرىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىنى ئومۇمىي ۋە خاس ياكى پرىنسىپال تەسىر ۋە تارماق تەسىر دەپ ئىپادىلەش مۇمكىن.

**1) ئومۇمىي مىقدارىغا قارىتا سېلىشتۇرۇش**

شەرىئەتنىڭ مەقسىتى بەزىدە تەسىر جەھەتتىن ئۈممەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇدەك كەڭ بولىدۇ. مەسىلەن، دىننى كۆرەش قىلىش ئارقىلىق قوغداش ياكى دىنى مائارىپنى ھىمايە قىلىش ياكى ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىمانى قېرىنداشلىقنى قوغداشقا ئوخشاش. بەزىدە تەسىر جەھەتتىن كۆپ ساندىكى ئۈممەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، نەسلىنى قوغداش مەقسىتى ياكى سودا ـ سېتىققا ئالاقىدار مۇئامىلىلەرنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش مەقسىتىگە ئوخشاش مەقسەتلەر كۆپ كىشىلەرگە ئالاقىدار بولىدۇ. يەنە بەزىدە تەسىر جەھەتتىن ئاز نىسبەتتىكى بىر توپ ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناۋادا ئۆلىمالارغا تەسىرى كۆپ ئادەملەرگە چېتىشلىق بولغان مەقسەت بىلەن تەسىرى ئاز ساندىكى كىشىلەرگە چېتىشلىق بولغان مەقسەت ئايرىلماي قالغان بولسا، ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرۈش ئۆلچىمى تەسىرى

كەڭگرەك بولغان مەقسەتنى تەسرى تار بولغان مەقسەتتىن كۆچلەندۈرۈپ ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك.

مەسىلەن، ئاشلىقنى مونوپول قىلىۋېلىشنى چەكلەيدىغان ھۆكۈم بىلەن دۇرۇس دەپ قارايدىغان ھۆكۈم توغرىسىدا ئۆلىما ئارىسالدى بولۇپ قالسا، ھەر بىر ھۆكۈمنىڭ مەقسىتىگە قاراپ چىقىشى لازىم. مونوپول قىلىشنى چەكلەشتىن مەقسەت ئېھتىياجلىق بولغان كۆپ ساندىكى ئادەملەردىن مۇشكۈل شارائىت ۋە قىيىنچىلىقنى يوقىتىش مەقسەت. دۇرۇس دېگەن ھۆكۈمدىن مەقسەت تىجارەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش مەقسەت. ئىككى مەقسەتنى تەسىر جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق مونوپول قىلىشنى چەكلەشنى كۆچلەندۈرىدۇ.

دېمەك، جەمئىيەتكە ۋە بارلىق ئۈممەتكە ئالاقىدار بولغان شەرئى مەقسەت بەزى كىشىلەرگە ياكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەقسەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. مەقسىتى ئومۇمىي بولغان ھۆكۈم، مەقسىتى خاس بولغان ھۆكۈمنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتتە تەسىرى ئۈممەتنىڭ ھەممىسىگە چېتىلىدىغان جىنايەتلەرگە ئېغىر جازا بەلگىلەنگەن، گەرچە بۇ جىنايەتلەرنىڭ زاھىرىي يەككە جىنايەت دەپ خىيال قىلدۇرسىمۇ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇققا تەھدىت سالىدىغان تەسىرى بولغاچقا ئېغىر جازا بېكىتىلگەن. قۇرئان كەرىم ئىجتىمائىي تەسىرىنى ئەسكەرتىپ: «كىم قاتىللىق قىلمىغان ياكى زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە بارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش، كىم بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قالسا خۇددى بارلىق

كىشىلەرنى ھايات ساقلاپ قالغانغا ئوخشاش» دېگەن (*مائىدە سۈرىسى 32 ـ ئايەت*). تەسىرى چەكلىك بولغان جىنايەتلەرنىڭ جازاسى يەڭگىل بولۇپ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئېغىر جازادىن تۆۋەن بولغان يەڭگىل ئەدەپلەپ قويۇش جازاسىغا قالدۇرۇلغان.

مۇشۇ مەزمۇندا ئەقلىسىزنىڭ مال ـ مۈلكى چەكلىمىگە ئېلىنغان، گەرچە مال ـ مۈلۈك ئەقلىسىزنىڭ مېلى بولسىمۇ، پايدا ـ زىيان تەسىرى جەمئىيەتكە ھالقىيدىغان بولغاچقا مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش مەقسىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مېلىنى خالىغانچە خەجلەش ھوقۇقى ئەقلىنى تاپقۇچە چەكلەنگەن.

### 2) تەسىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قارىتا سېلىشتۇرۇش

شەرىئەتتە كەلگەن بەزى ھۆكۈملەردىكى مەقسەتلەرنىڭ تەسىرى ئۇزۇن مۇددەتكە سوزۇلىدۇ. بەزى مەقسەتنىڭ ھەل قىلىشتىكى تەسىرى پايدا ـ زىيان تەرەپتىن ئۇزۇن داۋاملىشىش مۇمكىن، يەنە بەزى مەقسەتلەرنىڭ تەسىرى قىسقا مۇددەت داۋاملىشىش مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆلىما ئىككى مەقسەتنى تەسىر جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، تەسىرى ئۇزۇن مۇددەتكە سوزۇلغان مەقسەتنى تەسىرى قىسقا مۇددەتلىك مەقسەتتىن كۈچلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن، تويىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش نىيىتى بىلەن قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك قىلىشمۇ دۇرۇس دېگەن ھۆكۈم توقۇنۇشۇپ قالسا، ئۆلىما بىرىنچى ھۆكۈمنى ئىككىنچى ھۆكۈمدىن كۈچلەندۈرۈشى كېرەك، چۈنكى توي قىلىشتىن مەقسەت ئەر ـ ئايال ئارىسىدا

خاتىرجەملىكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى مەقسەت. ئىككىنچى ھۆكۈمنىڭ مەقسىتى مۇئەييەن شارائىتتا جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇش مەقسەت. تويىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك قىلىشنىڭ تەسىرى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىككىنچى مەقسەتتىن كۈچلۈك، شۇنىڭغا ئاساسەن زامان ئۆلچىمى ئاساسىدا ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرۈش زۆرۈر.

مەقسەتلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بەلگىلەشكە مۇناسىۋەتلىك بۇ قائىدىلەر مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش تەقەززاسىغا قارىتا قايسى مەقسەتنى ئالدىغا چىقىرىش ۋە قايسى مەقسەتنى ئارقىغا تارتىشتا ئۆلىمالارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۆلىمالار فىقھى تەتقىقاتلىرىدا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى كۆز ئالدىدا قويۇپ تۇرۇپ مەنپەئەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا پايدىلىنىدۇ.

## شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئالاقىدار بىر بۆلەك قائىدىلەرنىڭ خۇلاسىسى

***بىرىنچى: زىياننى يوقىتىشقا ئالاقىدار قائىدىلەر***

«زىيانلىنىشقا ۋە زىيان سېلىشقا بولمايدۇ»

«زىيان يوقىتىلىدۇ»

«زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھارام».

«زىياننى يوقىتىش ۋاجىپ».

«زۆرۈرىيەتلەر چەكلەنگەن ئىشلارنى دۇرۇس قىلىدۇ».

**ئىككىنچى: كۆچلەندۈرگۈچى قائىدىلەر**

1. زىيان بىلەن مەنپەئەتنىڭ ئارىسىنى كۆچلەندۈرۈشكە ئالاقىدار قائىدىلەر

«ئىككى زىيان بىرلىشىپ كەلسە، يەڭگىل زىياننى قىلىشقا بولىدۇ».

2. ئىككى زىيان ئارىسىنى كۆچلەندۈرۈشكە ئالاقىدار قائىدىلەر

«زىياننى يوقىتىش پاكى ئالدىنى ئېلىش مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ».

«ۋاستىنى چەكلەش مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ».

«ھارامنىڭ ۋاستىسى ھارام بولىدۇ».

«كۆچلۈك مەنپەئەت نادىر زىيان ئۈچۈن تاشلىنىپ قالمايدۇ».

**ئۈچىنچى: مەنپەئەتنى مەنپەئەتى يوق ئىشلاردىن كۆچلەندۈرىدىغان قائىدىلەر**

«مەنپەئەتنى يوق قىلىۋەتكەندىن قولغا كەلتۈرۈش ئەۋزەل».

«زىيىنى يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا چەكلەنمەيدۇ».

**تۆتىنچى: ھەقىقى مەنپەئەت بىلەن خىيالى مەنپەئەتنى كۆچلەندۈرىدىغان قائىدىلەر**

«شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ئىنسانىنى نەپسى خاھىشىدىن قۇتقۇزۇش».

«بۇزۇق مەقسەتنىڭ ئەكسى بويىچە مۇئامىلە قىلىش شەرىئەتنىڭ مەقسىتى».

«شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە زىت كېلىدىغان مەنپەئەتلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ».

# قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئىسلامنىڭ قانۇن چىقىرىش پەلسەپىسى. چۈنكى مەقسەتلەر ئىشلارنىڭ روھى. شۇنىڭغا بىنائەن شەرىئەتنىڭ مەقسەتنى ئاساس قىلمىغان فىقھى روھسىز فىقھى ھېسابلىنىدۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتنى تۇتۇپ ماڭمىغان فەقىھ روھسىز فەقىھ دەپ قارىلىدۇ. دىنىنىڭ مەقسەتنى چۈشەنمەيدىغان دىيانەتلىك كىشى جانسىز دىيانەتلىك ئىنسان دەپ تونۇلىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتنى چۈشەنمەيدىغان تەشۋىقاتچىلار روھسىز تەشۋىقاتچىلاردۇر. جېنى بار نەرسە بىلەن جېنى يوق نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ھەممەيلەنگە ئايان. دېمەك ھەر بىر نەرسىنى روھى ۋە مەقسەتى بىلەن ئېلىش زۆرۈر، شەرىئەتنى مەقسەتى ۋە روھى بىلەن چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش لازىم. قۇرئاننىڭ مەقسەتى نېمە؟ قۇرئان كەرىم مەقسەتنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسەتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق، قۇرئاننىڭ مەقسەتى ئىچىدە ۋە قۇرئانغا تەۋە ھالەتتە سۈننەتنىڭ مەقسەتى كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى قۇرئان ۋە ھەدىس مەقسەتلىرىنىڭ دەل ئۆزى. قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ مەقسەتىدىن سىرتقى بولغان نەرسە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى

قاتارىدىن ئەمەس. قۇرئاننىڭ ئومۇمىي مەقسىتى قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىدىن ھاسىل بولىدىغان يۇقىرى مەقسەتلەر.

## قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە سۆزلىمەكتە

1. ئاللاھنى يەككە يىگانە دەپ تونۇش ۋە ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىش مەقسىتى: (ئېيتقىنكى) «سىلەر پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، (كاپىر بولساڭلار سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، (ئىمان ئېيتساڭلار ئاللاھنىڭ ساۋابى بىلەن سىلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچىمەن» . (ھۇد سۈرىسى 1،2 ـ ئايەتكە قاراڭ) .

2. ھىدايەت قىلىش مەقسىتى: «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.» (بەنى ئىسرائىل ، 9 ـ ئايەت) .

3. قەلبىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزىنى تۈزەش مەقسىتى: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» (بەقەر سۈرىسى 151 ـ ئايەت) .

4. كۆيۈنۈش ۋە بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتى: «بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان

قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ *(يەنى ئۇلار قۇرئاننى ئەستىن قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)*» *(بەنى ئىسرائىل سۈرىسى 82 ـ ئايەت)*.

» *(ئى مۇھەممەد!)* سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» *(ئەنبىيا، 107 ـ ئايەت)*

5. ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش مەقسىتى، زېمىننى گۈللەندۈرۈش مەقسىتى: «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق» *(ھەدىد سۈرىسى 25 ـ ئايەت)*.

## ئالىملار نەزىرىدىكى قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى

### بىرىنچى، ئىمام ئىززىددىن ئابدۇسسالامنىڭ نەزىرىدە قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى

ئىمام ئابدۇسسالام قۇرئاننىڭ مۇتلەق كۆپ مەقسىتى «مەنپەئەتنى ۋە مەنپەئەتنىڭ سەۋەبلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، زىياننى ۋە زىياننىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دېگەن.

ئەگەر بىز قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەقسەتلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ بارلىق چوڭ ـ كىچىك ياخشىلىققا بۇيرۇغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەر قانداق يامانلىقتىن توسقانلىقىنى بىلەلەيمىز. «ياخشىلىق» نى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش دەپ ئاتايمىز، «يامانلىق» نى زىياننى سۆرەپ كېلىش ۋە مەنپەئەتكە قارشى تۇرۇش دەپ

ئاتايمىز. *(زەلزەلە سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتىگە قاراڭ)*

ھەر قانداق مەنپەئەتكە قىزىقتۇرىدىغان ۋە ھەر قانداق زىيانلىق ئىشتىن چەكلەيدىغان ئايەت نەھل سۈرىسىدىكى 89 ـ ئايەت. ئاللاھ تائالا بارلىق ئادالەتكە، ھەممە ياخشىلىققا، يېقىن تۇغقانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەر قانداق سەت قىلمىشلاردىن، يامان ئىشلاردىن ۋە چېكىدىن ئېشىشتىن توسىدۇ» دېگەن ئايەت كىرىمىدىكى «ئېھسان» دېگەن سۆز ھەر قانداق ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئېھسان» دىن مەقسەت مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. شۇنداقلا ئايەتتىكى «مۇنكەر» دېگەن سۆزمۇ ھەر قانداق يامانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچى، مۇپەسسىر رەشىد رىزانىڭ نەزىرىدە قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى ئون تۈرلۈك**

ئەللامە رەشىد رىزا قۇرئاننىڭ ئىنساننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان.

1. ئاللاھغا ئىمان كەلتۈرۈش، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت دىنىنىڭ ئۈچ ئاساسى بويىچە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش.

2. ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلىك، دىن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بايان قىلىش.

3. ئىسلام دىنىنىڭ ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن دىنلىقى، ئەقلىي ۋە كۆز ـ قاراشنى ھۆرمەتلەيدىغان دىنلىقى؛ بىلىم مەرىپەت، پاكىت، ۋىجدان ۋە ئەركىنلىك دىنى ئىكەنلىكىنى

بايان قىلىش.

4.ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش. بۇ ئىسلاھات 8 تۈرلۈك بىرلىك ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ: ئۈممەت بىرلىكى، ئىنسان تۈرىنىڭ بىرلىكى، دىن بىرلىكى، ئادالەت بىرلىكى، روھى قېرىنداشلىق بىرلىكى، سوت بىرلىكى، تىل بىرلىكى ۋە سىياسى بىرلىكتىن ئىبارەت.

5. ئىبادەت ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردىن شەخسى مەسئۇلىيەتلەردە ئىسلامنىڭ ئاممىۋى ئالاھىدىلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش.

6.ئىسلامنىڭ خەلقئارالىق سىياسىتىنى بايان قىلىش

7. ئىقتىسادى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش.

8. ھەربى قانۇننى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھەربى قانۇنىنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتىش.

9. ئاياللارنىڭ ئىنسانىي، دىنىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش.

10. قوللۇقنى تۈگىتىش، ئازاتلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت.

**ئۈچىنچى، ئەللامە تاھىر بىن ئاشۇرنىڭ نەزىرىدىكى قۇرئانىنىڭ مەقسەتلىرى**

تاھىر بىن ئاشۇر قۇرئانىنىڭ مەقسەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كىشىلەرگە كۆيۈنۈپ قۇرئاننى كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن چۈشۈردى. قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ بۈيۈك مەقسەت شەخسلەرنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە

تەرەققىياتنى گۈللەندۈرۈشتۇر. بۇ ئىشنىڭ ئاساسى ئېتىقادنىڭ ساغلام بولىشىدۇر، چۈنكى ئېتىقاد ئەدەب ـ ئەخلاق، تەپەككۇر قىلىش ۋە قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مەنبەسى. جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ بولىشى شەخسلەرنىڭ ئىسلاھ بولىشىغا باغلىق، چۈنكى شەخسلەر جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى...

ئەمما تەرەققىيات ئىسلاھاتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ نىزامىنى ساقلاش، ھەممەيلەننىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇمۇمى مەنپەئەتلەرگە رىئايە قىلىدىغان يوسۇندا جەمئىيەتنىڭ ۋە رايونلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى نىزامغا سېلىشتۇر، بۇ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي دەپ ئاتىلىدۇ» .

تاھىر بىن ئاشۇر قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

1 .ئېتىقادنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ساغلام ئەقىدە تەربىيىسىنى تەلىم بېرىش،

2. ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش،

3. خۇسۇسىي ۋە ئۇمۇمى قانۇنلارنى يولغا قويۇش،

4. شەرئى سىياسەت، يەنى ئۈممەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە نىزامىنى قوغداش،

5. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلىش ۋە يامان تەرەپلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش.

6. ھەر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا تەلىم بېرىش.

7. ۋەز ـ نەسىھەت، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە بىشارەت بېرىش.

8.قۇرئانىنىڭ ھەر ۋاقىت مۆجىزىلىكىنى بايان قىلىش.

9. ئىسلام شەرىئىتى ئەبەدى ۋە داۋاملىق شەرىئەتتۇر، شۇڭا بۇ شەرىئەت ھەر دەۋرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلالايدۇ.

10. ھەر دەۋردىكى ئالىملارنىڭ شەرىئەتنى ۋە شەرىئەتنىڭ قانۇن چىقىرىش مەقسىتىنى چۈشىنىپ شەرئى ئەھكاملارنى يەكۈنلەش ئىقتىدارىغا قادىر بولۇشى ئۈچۈن ئالىملار ۋە دەۋەتچىلەرنى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە قىيىن دەلىللەردىن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چىقىرىشقا ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

**تۆتىنچى، ئىمام دوكتۇر يۈسۈپ قەرزاۋىنىڭ نەزىرىدە قۇرئانىنىڭ مەقسەتلىرى**

1.ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىسلاھ قىلىش،

2.ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقىنى بېكىتىش،

3. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھدىن قورقۇش،

4. ئىنسان نەپسىنى پاك قىلىش،

5.ئائىلە شەكىللەندۈرۈش ۋە ئاياللارغا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش،

6.ئىنسانىيەتكە گۇۋاھلىق بېرەلىگۈدەك ئۈممەتنى يېتىشتۈرۈش،

7.ھەمكارلىشىدىغان ئىنسانىيەت دۇنياسىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

**بەشىنچى، دوكتۇر تاھا جابىر ئۇلۋانىنىڭ نەزىرىدە قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى ئۈچ تۈرلۈك**

1. تەۋھىد

2. تەزكىيە (ئۆزىنى پاكلاش)

3. ئىمران (زېمىننى گۈللەندۈرۈش).

قۇرئاننىڭ بۈيۈك مەقسەتلىرى ۋە قىممەت قاراش قۇرۇلمىسى «ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش (يەنى تەۋھىد)، ئىنساننىڭ ئۆزىنى پاكلىشى ۋە كائىناتنى گۈللەندۈرۈش» تۇر. بۇ ئۈچ تۈرلۈك قىممەت قاراش ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مەقسەت خاراكتېرلىك مەنبەنى ۋە باشقا قىممەت قاراشلار تارماقلىنىپ چىقىدىغان ئۆلچەم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بۇ ئۈچ تۈرلۈك قىممەت قاراش ئىمان، نەپسىنى تەربىيلەش، ئىنسان شەخسىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش؛ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسى تۈزۈملەر، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى ئالاقىلىرىدىكى باشقا قىممەت ـ قاراشلارنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئۈچ تۈرلۈك قىممەت قاراش ئىسلامدىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەت قاراش بولۇش بىلەن بىرگە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خەلقئارالىق ئىنسانىي قىممەت قاراشتۇر.

## ئىدىيەنى تۈزۈتۈش قۇرئاننىڭ مۇھىم مەقسىتى

پىكىر (ئىدىيە) نى تۈزۈتۈشمۇ قۇرئاننىڭ مۇھىم مەقسەت ـ لىرىنىڭ بىرى. شۇنىسى ئېنىقكى قۇرئان كەرىم ئىنسان

تەبىئىيىتى، ھېكمەت، ئەقىل، ئىدىيە، بىلىم ـ مەرىپەت ۋە پاكىتىنىڭ قىممىتى ھەققىدە كۆپ توختالغان. قۇرئاننىڭ يۇقىرىقىلارنى بايان قىلىشتىكى مەقسىتى بۇ ئىشلارنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە رىغبەتلەندۈرمەكچى. شەرىئەت ئالىملىرى ئەقىلنى ھىمايە قىلىش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاق. شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ مەقسىتى ئىكەنلىكىدە ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنىڭ قۇرئاندا بارلىقىدا شەك يوق. بۇ يەردە كۆزلەنگەن ئەقىلنى قوغداشتىن مەقسەت ئەقىل يۈرگۈزۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش مېتودىنى تۈزەش ۋە ئىسلاھ قىلىشتۇر.

ئاللاھ كۆپلىگەن ئايەتلەردە پەيغەمبەرلىرىگە قۇرئان ۋە ھېكمەت چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى، ھېكمەت دېگەن ئىشلارنى توغرا چۈشىنىش ۋە شۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. دېمەك، ھېكمەت دېگەن بىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەمەلنى پۇختا قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ھېكمەت دېگەن سۆز، ھۆكۈم ۋە ئىشلارنى مۇناسىپ ئورنىغا چۈشۈرۈش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ «كىمگە ھېكمەت بېرىلسە يەنى كىم ھېكمەتكە ئېرىشسە چوقۇم كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ» دېگەن *(بەقەر، 269 ـ ئايەت)*.

دېمەك، ھېكمەت دېگەن توغرا مېتود ۋە ساغلام ئىدىيىدىن ئىبارەت. پەيغەمبەرلەر مانا مۇشۇ ھېكمەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. مۇشۇ مەزمۇن كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئېنىق تىلغا ئېلىنغان. ئايەتلەردىكى ھېكمەت سۆزىدىن مەقسەت دىن

ۋە ئەقىلگە توغرا يول تۇتۇش ۋە سۆزنى توغرا قىلىش دېمەكتۇر. شۇنداقلا ساغلام ئەقىل، توغرا كۆز ـ قاراش، توغرا مەرىپەتمۇ ھېكمەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بەزىلەر ھېكمەتنى «نەرسىلەرنى ئۆز ماھىيىتى بويىچە تونۇش» دەپ تونۇشتۇرغان. ھېكمەت ئىلمى ۋە ئەمەلىي نۇقتىدىن دەسلەپتە تەقەززا قىلىدىغان دەسلەپكى نەرسە ئىدىيە ۋە ھۆكۈمنىڭ بىلىم مەرىپەت ۋە پاكىت ئۈستىدە مەۋجۇد بولىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىر كۆز قاراشقا كەلگەن ياكى بىر نەرسىگە ئىشەنگەن ياكى بىر نەرسىگە ھۆكۈم چىقارغان ئادەمنىڭ شۇ خىل كۆز قارىشىغا ھۆججەت ۋە دەلىل كەلتۈرۈشىگە چاقىرغان «ئەگەر كۆز قارىشىڭلاردا راستچىل بولساڭلار پاكىت كەلتۈرۈڭلار» *(بەقەر، 111 ـ ئايەت)*.

مەسىلىنى چۈشىنىش، بىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل، قۇلاق ۋە كۆزنى ئىستىمال قىلىشقا چاقىرغان ئايەتلەرمۇ كۆپ بولۇپ، تۈرلۈك ئىپادىلەشلەر بىلەن كەلگەن. ئەقىل، قۇلاق ۋە كۆزدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ نېمەت ئىنسانىنىڭ بىلىش، ئىزدىنىش، چۈشىنىش ۋە ئاڭقىرىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىلەر ئىكەنلىكى ئېنىق. ئاللاھ قايسى بىر ئىنسانىنىڭ ئەقلى، قۇلىقى ۋە كۆزىنى توغرا ئىشلەتمەي كېرەكسىز قىلىپ قويۇپ ئۇنۇملۇك پايدىلانمىغانلارنى ھايۋانغا ئوخشاش دەپ سۈپەتلىگەن. *(نەھل سۈرىسى 78 ـ ئايەت، ئەئراپ سۈرىسى 179 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ)*.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ مىسال كەلتۈرگەنلىكى ۋە شۇ مىساللارنى ئويلىنىشقا، مەنىسى ۋە مەقسەتلىرىنى چۈشىنىشكە چاقىرغانلىقى ھەممىگە ئايان. مىسال كەلتۈرۈش كىشىلەرگە

خاس كۆز ـ قاراشتىن ئومۇمىي قاراشقا، تارماق قاراشتىن پرىنسىپال قاراشقا يۆتكىلىشنى ئۆگىتىدۇ. مىسال كۆرسىتىش شەخس، سۈپەت، سەۋەب، ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت مۇئەييەن قىسمەن ھالەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۇ ياخشى ياكى يامان بولسۇن تەكرارلىنىدىغان ياكى تەكرارلىنىشى قوبۇل قىلىدىغان ئۆرنەك خاراكتېرگە ئىگە. ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدا مۇنتىزىم جارى بولۇۋاتقان قانۇنىيەتلىرى قىسمەن مىساللارنىڭ پرىنسىپال ئۇقۇمغا ئىگە ئۆرنەك بولۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. دېمەك، مۇئەييەن مىسال كەلتۈرۈش ھۆكۈم چىقىرىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىشنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى چېگرىسى ۋە بەلگىلىرى ئېنىق بولغان ئىلاھىي ۋەھيي. ئىدىيە بولسا ئىنساننىڭ ئىجتىھاتى كۆز قارشى. ئىنساندىكى ئىدىيە بولسا ئەقىدە ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان نەتىجە. مەرىپەت بولسا پەلسەپىنىڭ نەتىجىسى، بۇ پەلسەپە ئەقىدە ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇنداقتا مەرىپەت ئۈممەتنىڭ مەدەنىيەت مەھسۇلاتى. قۇرئان كەرىم تەپەككۇر قىلالايدىغان، نەزەر يۈرگۈزەلەيدىغان مۇسۇلمانغا نىسبەتەن مەرىپەت مەنبەسىدۇر.

ئىسلام دىني مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە تەرەپلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئىسلام دىني چاقىرغان ئىدىيە ۋە پرىنسىپنىڭ ئېنىق، ئەمەلىيەتچان ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىشىگە كۆڭۈل بۆلدى. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئەقىدە پرىنسىپلىرىنى بايان قىلدى ۋە ئۇنى تۈرلۈك ئازغۇنلۇق كۆرۈنۈشلىرىدىن ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى.

ئەقىدىنى قوغداش ئىدىيە بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرسى ۋە ئاساسىيدۇر. ئەقىدە مۇسۇلماننىڭ ھەزارەت كىملىكىنى ئايرىپ بېرىدىغان تۈۋرۈكتۇر. ئىدىيىنى ئىسلاھ قىلىش ھەر قانداق ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئازغۇن ئەقىدە ۋە خاتا ئىدىيە بىلەن بۇلغانغان خەلقنى ئىسلاھ قىلىش ناھايىتى ئۇزۇن ۋە زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ مۇرەككەپ ۋەزىپىدۇر.

### ئىدىيە ۋە تەپەككۇر مېتودىدىكى نۇقسان تەرەپلەر

قۇرئان كەرىم ساغلام پىكىر قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى پرىنسىپ خاراكتېرلىك ئاساسلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىدىيە ۋە تەپەككۇر مېتودى دۈچ كېلىدىغان بىر قىسىم ئاپەت ۋە ئىللەتلەردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

**1. دورامچىلىق ۋە مەيدانسىزلىق**

ئاللاھ ئىنسانغا ئەقىل ۋە پىكىر قىلىش نېمىتىنى ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا شەخسى كىملىك ۋە ئۆزلۈك ۋەزىپە قىلىپ قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ھالقىلىق مەسىلىلەردە ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى تەپەككۇر قىلىشى لازىم. ھالقىلىق ۋە ئاقىۋەتلىك جىددى مەسىلىلەردە ئۇيلىنىش ۋاكالەتچىلىكنى ياكى قولدىن بېرىپ قويۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىلىمسىز كىشىلەر ئىشەنچلىك ئالىملاردىن پايدىلانسا، ئىقتىدارى يەتمەيدىغان ۋە ياخشى قىلالمايدىغان ئىشلاردا ئۇلارنى دورىسا بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىش ئۇ ئادەملەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە

نــەزەر يۈرگــۈزۈش ۋە ئىزدىنىشــتىن كەچۈرۈۋېتەلمەيــدۇ ياكــى توســاپ قويىســا بولمايــدۇ.

قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئىشلەتمەسلىكى، ئويلانماســتىن ۋە پەرقلەندۈرمەســتىن باشــقىلارنىڭ كەينىگــە ئــەـ گىشــىپ كىرىــپ كېتىشــىدىن قاتتىــق ئاگاھلاندۇرغــان: «هــەر قاچــان ئۇلارغــا *(يەنــى مۇشرىكلارغا)* : «ئاللاھ نازىــل قىلغــان نەرســىگە *(يەنــى ئاللاھ پەيغەمبىرىگــە نازىــل قىلغــان ۋەھيىگــە، قۇرئانغا)* ئەگىشــىڭلار» دېيىلســە، ئــۇلار: «يــاق، ئاتــا ـ بوۋىلىرىمىزدىــن قالغــان دىنغا ئەگىشــىمىز» دېيىشــىدۇ. ئاتــا ـ بوۋىلــىرى هېــچ نەرســىنى چۈشــەنمىگەن ۋە توغــرا يولــدا بولمىغــان تۇرســا، يەنــە ئۇلارغــا ئەگىشــەمدۇ؟» *(بەقەر، 170 ـ ئايــەت)*.

**2. پەرەز ۋە گۇمانغا ئەگىشىش**

كۆپلىگــەن كىشــلەر ئۆزىــدە ئادەتكــە ئايلىنىــپ كەتكــەن ياكــى مىجەزىدىــن كېلىــپ چىقىۋاتقــان گۇمــان ۋە خىيالنىــڭ كەينىــدە ماڭىــدۇ، ئىشــلارنى دەلىلــى بىلــەن ۋە ئەســلى مەنبەســىدىن تەكشۈرۈشــكە سەۋر قىلمايــدۇ: «ئەگــەر ســەن يــەر يۈزىدىكــى كۆپچىلىــك كىشــىلەر *(يەنــى كۇپپارلار)* گــە ئىتائــەت قىلســاڭ، ئــۇلار سېنى ئاللاھنىــڭ يولىدىــن ئازدۇرىــدۇ، ئــۇلار پەقــەت گۇمانغىــلا ئەگىشــىدۇ، ئــۇلار پەقــەت يالغانىنــلا سۆزلەيدۇ» *(ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايــەت)*.

«بــۇ بۇتــلار پەقــەت ســىلەر ۋە ئاتــا ـ بــوۋاڭلار ئاتىۋالغــان قــۇرۇق ناملاردىنــلا ئىبــارەت، ئاللاھ بۇنــى ئىســپاتلايدىغان هېــچ بىــر دەلىــل ـ پاكىــت چۈشــۈرگىنى يــوق، ئۇلارغــا پەرۋەردىــگارى تەرىپىدىــن شــەك ـ شۈبهىســىز هىدايــەت *(يەنــى پەيغەمبــەر ۋە قۇرئــان)*

كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ۋە نەپسىلىرىنىڭ خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ. ئىنسان نېمىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولامدۇ؟» (نەجم سۈرىسى 23،25 ـ ئايەت).

**3. ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى باراۋەر قىلىپ قويۇش، ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى ئايرىۋېتىش**

مانا بۇمۇ يۈزەكى كۆز قاراشنىڭ نەتىجىسى. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئادالىتى ھەر بىر ھەقنى ئۆز ئىگىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە، ئوخشاش نەرسىلەرنى جەملەش ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئاللاھ پەرقلىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرىۋېتىدىغان، بەزىدە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئايرىۋېتىدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلىگەن: «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسچىتى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر، ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (تەۋبە، 19، 20 ـ ئايەت).

يەنە «يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇپپارلار) ئۆز-لىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس)

ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!» دېگەن (جاسىيە، 21 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىلمىي ئەقلنى يېتىشتۈرۈشنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىگەن:

ئىشەنچ ئورنىدا گۇماننى رەت قىلىش،

ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسى خاھىش ۋە ھېسسىياتقا ئەگەشمەسلىك،

ئاتا بوۋىلارنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ئەگىشىشنى رەت قىلىش،

چوڭلارغا ھۆججەتسىز ئەگىشىشنى ئىنكار قىلىش،

پاكىتسىز ئىدىيە ۋە كۆز قاراش قوبۇل قىلماسلىق،

ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت.

## قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇھىم پايدىلار

1. قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىش قۇرئاننىڭ تەلىماتى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ئاشۇرۇۋەتمەي ۋە كېمەيتمەي قويماي توغرا چۈشىنىشنىڭ ساغلام يولى. قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىنى قۇرئان ئۆزى بايان قىلغان ۋە قۇرئان شۇ سەۋەب ئۈچۈن چۈشكەن ۋە مەزمۇنلىرىدىن يەكۈنلەنگەن مەقسەتلەردۇر.

2. قۇرئاننى ئوقۇغاندا قۇرئاننىڭ ئومۇمى مەقسەتلىرىنى بىلىش ۋە داۋاملىق ئېسىگە كەلتۈرۈش، قۇرئاننىڭ تەپسىلى مەزمۇنلىرى ۋە خاس مەقسەتلىرىنى توغرا چۈشىنىش شارائىتىغا

ئىگە قىلىدۇ.

3. قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىش ئارقىلىق ھەدىس شەرىپىنىڭ مەقسەتلىرىنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

4. قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى يەككە ۋە كوللېكتىپ ئىشلارنى، شەخسى ۋە ئاممىۋى ھاياتىمىزنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. قۇرئاننىڭ مەقسىتىنى تۇتۇپ ماڭمايدىغان قەلبكە ياكى ئەخلاققا ياكى ئىقتىسادقا ياكى سىياسەتكە ياكى مەدەنىيەتكە چېتىشلىق قايسى بىر ئىش بولسۇن، ئۇ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىدىن چەتنىگەن ئىشتۇر.

مەسىلەن، قۇرئاننىڭ ئادالەتنى تىكلەش مەقسىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ شەخسى پوزىتسىيە ۋە ئىقتىسادى كېلىشىملەرنى، شۇنداقلا ئادىل سوت ۋە ئادىل سىياسەتنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم.

5. قۇرئاننىڭ مەقسىتى تەپسىرشۇناسلارنىڭ مېتودىدا بولمىسا بولمايدىغان ئۆلچەم، شۇنداق بولغاندا تەپسىرشۇناسلار قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى قۇرئان كەرىمنى مەقسەتلىرى ئاساسىدا تەپسىر قىلىش دەپ ئاتىساق بولىدۇ.

مانا بۇ ئىلمى پايدا تەپسىرشۇناسنى قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىدە ئورۇن بولمىغان ئىشلارنىڭ كەينىدە سۆرۈلۈپ يۈرۈشتىن ساقلايدۇ. تەپسىرشۇناسلارنىڭ تەپسىر قىلىشتىكى مېتودى ساغلام بولسا، بۇنىڭ ياخشى نەتىجىسى ئوقۇرمەنلەرگە ياخشى تەسىرى بولىدۇ. ئەگەر مېتودى ساغلام بولمىسا بۇنىڭ سەلبىي

تەسىرى ئۇقۇرمەنلەرگە يۆتكىلىدۇ. شۇڭا تەپسىرشۇناسلارنىڭ مەقسىتى ۋە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان دائىرىسى بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ دەل ئۆزى بولىشى لازىم.

قۇرئاننىڭ بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىش قۇرئاننىڭ قەلبىنى پاكلايدىغان، ئەقلىنى نۇرلاندۇرىدىغان يۇقىرى مەقسەتلىرىدىن توسۇپ قويىدۇ. تەپسىر بىرىنچى قىلىپ قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتىنى ۋە مەقسىتىنى ئېچىشى ۋە تونۇشتۇرۇشى كېرەك.

تەپسىرشۇناس ئىمام ئىبنى ئابدۇسالام «قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتىن مەقسەت قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىنى تونۇش» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن.

قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلغاندا قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تەپسىر قىلىش ئەسلى پرىنسىپتۇر. بۇ ئايەت - ھەدىسلەر مەقسىتى بويىچە چۈشىنىلىدۇ، دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇندۇر.

# ھەدىس شەرىپنىڭ مەقسەتلىرى

ھەدىس شەرىپ ۋەھىي، ئۇ ئىسلامدىكى ئىككىنچى قانۇن چىقىرىش مەنبەسى، قۇرئان كەرىم كۆرسەتمىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئۆرنىكى، ھاياتنىڭ تەپسىلى مېتودىنى سىزىپ بەرگۈچى پرىنسىپ ۋە ئىلاھىي مەرىپەت مەنبەسى.

ھەدىس شەرىپنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى ۋە شەرھى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. شۇنداقلا ھەدىس شەرىپ قۇرئان كەرىم پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىنى تەكىتلىگۈچى. دېمەك، ھەدىس شەرىپنىڭ ئومۇمى مەقسەتلىرى قۇرئان مەقسەتلىرىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇڭا بىز بۇ يەردە ھەدىس شەرىپنىڭ تارماق مەقسەتلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

ھەدىس شەرىپنىڭ مەقسىتىنى بىر بىرگە چېتىشلىق ئىككى مەسىلىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. سۈننەت ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ھالەتتە ئۆز ئورنىغا قويۇش.

2. ھەدىس شەرىپلەرنى شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئىزاھاتلاردىن ياكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چەتكە قاقىدىغان ياكى سىقىپ قويىدىغان تەتبىقلاشتىن ساقلىنىش لازىم.

ھەدىسنىڭ مەقسىتى بىلىنمىسە ۋە رىئايە قىلىنمىسا، ھەدىسنىڭ ھېكمىتى يوقاپ كېتىدۇ، مەنپەئەتى ۋە مېۋىسى قولدىن كېتىپ قالىدۇ. ھەدىس شەرىپنىڭ مەقسەتلىرىنى قۇرئان مەقسەتلىرى ئاساسىدا چۈشەنمىگەندە ھەدىس شەرىپ ئۆز ئورنىدا قويۇلماي قالىدۇ. بەزىدە زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىققا سەۋەب بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەدىس شەرىپ رەھىمدىللىق، مەنپەئەت ۋە ئىسلاھاتنىڭ سەۋەبى ئۈچۈن كەلگەن...

ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىشكە، ھېكمەت ۋە مەقسەتلىرىنى بەلگىلەشكە بەكرەك تەسىر بېرىدىغان ئىشلار ئىككى تۈرلۈك:

1.ھەدىسنىڭ رەسۇلۇللاھدىن چىقىش سۈپىتىنى بىلىش،

2. ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلىش.

بۇ ئىككى ئىش بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان مەسىلە بولۇپ، بىرسى يەنە بىرىدىن ئايرىيالمايدۇ. تۆۋەندە بۇ ئىككى مەسىلىنى ئىزاھلايمىز.

## 1 - ھەدىس شەرىپنىڭ رەسۇلۇللاھدىن چىقىش ئورنىنى بىلىش

رەسۇلۇللاھدىن سادىر بولغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت، تەستىقلاش، ئىشارەت، ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل خاراكتېردە ئەمەسلىكى ۋە ھەممىسىنىڭ بىر خىل سۈپەتتە چىقمىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئىشلار رەسۇلۇللاھدىن تۈرلۈك

مەقسەت، ئوخشىمىغان غەرەزلەر ئىچىدە ھەر خىل سۈپەتتە چىقاتتى.

رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر سۈپىتىدە سۆزلەيتتى، شۇ ئاساستا ئىش ئىبلىپ باراتتى، ۋەھيىنى يەتكۈزەتتى ۋە ئىجرا قىلاتتى.

بەزىدە مۇپتىلىق سۈپىتىدە پەتىۋا بېرەتتى.

رەسۇلۇللاھ بەزىدە ھاكىم، رەئىس ۋە قوماندانلىق سۈپىتى بىلەن ئىش ئىبلىپ باراتتى.

رەسۇلۇللاھ بەزىدە تالاش ـ تارتىشنى بىر تەلەپ قىلىپ قازىلىق سۈپىتى بىلەنمۇ ئىش ئىبلىپ باراتتى.

يەنە بەزىدە مۇئەييەن ئەھۋاللاردا شەخسىي ئىشلاردا مەسلىھەت سوراۋاتتى، شۇ چاغدا ئۇلارغا مۇناسىپ ھالەتتە مەسلىھەت بېرەتتى.

يەنە بەزىدە تەجرىبە ۋە شەخسىي مۆلچەرلەشكە ئالاقىدار پەقەتلا دۇنيالىق ئىشلاردا كۆز قارىشىنى بايان قىلاتتى.

بىز ھەدىس شەرىپ ئوقۇغاندا ھەدىسنىڭ مەنىسى، مەقسەتلىرىنى چۈشەنمەكچى ۋە ئەھكاملىرىنى بىلمەكچى بولساق، يۇقىرىقى رەسۇللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلىش بەزىدە قولاي بولىدۇ. مەسىلەن، ئىبادەت ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر ياكى رەسۇلۇللاھ تۈرلۈك شارائىت ۋە ئەھۋاللاردا داۋاملاشتۇرغان ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر بولسا، بۇ خىل تۈردىكى ھەدىسلەر داۋاملىق قانۇنىي ھەدىسلەردۇر.

مانا بۇ توغرىدا رەسۇللاھ : «مەن بىر ئىنسان، ئەگەر مەن سىلەرگە دىن توغرىسىدا بىر نەرسە سۆزلەپ بەرسەم ئېلىڭلار، ئەمەل قىلىڭلار. ئەگەر دۇنيالىق ئىشلاردا كۆز قارىشىمنى بايان قىلسام، مەن بىر ئىنسان» *(يەنى قاراپ ئىش قىلىڭلار)* دېگەن. *(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)*.

مانا بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئۆزىدىن سادىر بولۇۋاتقان ئىشلارنى دىن، شەرىئەت خاراكتېرىدىكى ئىش بىلەن كۆز ـ قاراش، ئوي ۋە ئىنسانىي تەجرىبە سۈپىتى بىلەن چىققان ئىشلارنى ئايرىغان. دېمەك، رەسۇللاھدىن سادىر بولغان سۆزلەرنىڭ قاتارىدا قانۇن *(شەرئى ھۆكۈم)* بىلەن ئالاقىسى يوق بەزى سۆزلەرنىڭمۇ بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: «سىلەر مېنىڭ قېشىمغا جېدەللىشىپ كېلىسىلەر، مەن بىر ئىنسان. بەلكىم بەزىڭلار گەپدان بولۇپ گەپنى جانلىق ئىپادىلىشىڭلار مۇمكىن. مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاڭلىغان نەرسىگە قارىتا ھۆكۈم چىقىرىمەن، شۇ چاغدا ھۆكۈم خاتا بولۇپ قېلىپ بىرەيلەننىڭ ھەققى يەنە بىرەيلەنگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئالمىسۇن» دېگەن.

ماۋۇ ھەدىس رەسۇللاھنىڭ قازىلىق ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئاساسىدا چىققان. دېمەك، رەسۇلۇللاھدىن قازىلىق سۈپىتىدە چىققان ئىشلارنىڭ بەزىسى شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىغا بويسۇنىدۇ.

يەنە قارايدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا: «ئەتراپىدىكى ساھابىلىرىگە قەغەز قەلەم كەلتۈرۈڭلار،

مەن سىلەرگە بىر نەرسە يېزىپ بېرەي، شۇ بۇيىچە ماڭساڭلار ھەرگىز ئازمايسىلەر» دېگەندە ساھابىلىرى ئىختىلاپ قىلىشىپ، ئىككى تۈرلۈك قاراشتا بولغان، نەتىجىدە يېزىپ بەرمىگەن. ئەگەر يېزىپ بەرمەكچى بولغان نەرسە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەھيي ياكى شەرئەت بولغان بولسا، رەسۇلۇللاھ يېزىپ بېرىشنى تاشلىمىغان بولاتتى. دېمەك بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ قانۇن چىقىرىشنى مەقسەت قىلمىغان ۋە ئىجرا قىلىشقىمۇ ھېرىس بولمىغان.

يەنە بىر ھەدىسنى مىسال ئالساق، رەسۇلۇللاھ : «كىم بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرسە ۋە ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىسپاتى بولسا، دۈشمەننىڭ قۇرال يارىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مال ـ مۈلكىگە شۇ ئادەم ھەقلىق» دېگەن *(بۇخارى ۋە مۇسلىم)*

ھەدىسنىڭ زاھىرىي سىرتقى چۈشەنچىسىگە قارىساق، ھەر بىر جەڭچى دۈشمەننىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى غەنىمەت ئېلىشقا ھەقلىق دېگەن ئۇقۇم چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئالىملار بۇ مەسىلىدە بىر نەچچە خىل قاراشتا بولغان. يەنى بۇ ھۆكۈم ھاكىمنىڭ رۇخسىتىگە ۋە تەقسىماتىغا بويسۇنمايدىغان ھەر دەۋردە جارى بولىدىغان ئومۇمى قانۇنمۇ؟ ياكى ھەدىس شەرىپ مۇئەييەن ھالەت ۋە مۇئەييەن ئۇرۇشتىكى ۋاقتلىق ھەربى قارارمۇ؟

بۇ يەردىكى مەسىلە ھەدىسنىڭ رەسۇلۇللاھدىن چىقىش سۈپىتىنى بەلگىلەشكە باغلىق. يەنى بۇ ھەدىس قانۇن، پەتىۋا سۈپىتىدە چىققان ھەدىسمۇ ياكى ھەربى قوماندانىدىن چىققان ۋاقتلىق ھەربى قارارمۇ؟ كىم بۇ ھەدىسنى تەبلىغ،

پەتىۋا ۋە ئومۇمىي قانۇن سۈپىتىدە چىققان دەپ قارىسا، دۈشمەنلىرىنىڭ قورال ياراق، نەرسە كېرەكلىرى داۋاملىق ھەر بىر ئۇرۇشتا، شۇ جەڭچىنىڭ ھەققى دەپ قارىغان.

كىم بۇ ھەدىسنى رەئىس ۋە قوماندانىدىن چىققان ھەدىس دەپ قارىسا، غەنىيمەتنى رەئىس ياكى قوماندانىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىشقا بولمايدۇ، بۇ ئىش ھەر قېتىمدا رەئىسنىڭ قارارىغا باغلىق، دەپ قارىغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنىڭ ۋەھيىي، تەبلىغ ياكى مۇئەييەن بىرگىنى مەسىلە ئۈچۈن پەتىۋا سۈپىتىدە چىقىرىلغانلىقىنى، ياكى سىياسەت ۋە مەسلىھەت يوسۇنىدا چىقىرىلغانلىقىنى، ياكى دۇنيا ئىشلىرىدىكى تەجرىبە يولى ئارقىلىق چىقىرىلغانلىقىنى بىلسەك، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى بىلەلەيمىز.

ئۇنداق بولمىغاندا ھەدىسنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشتە خاتالىق يۈز بېرىپ قالىدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدە ئىزدەنگۈچىلەر رەسۇلۇللاھتىن سادىر بولغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ سۈپىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مۇھتاج.

## 2 ـ ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلىش

ھەدىسنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن مەقسەت: رەسۇلۇللاھتىن سادىر بولغان سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان ھالەت ياكى مەسىلىدىن ئىبارەت.

ھەدىس شەرىپنىڭ كېلىش سەۋەبى قۇرئان كەرىمنىڭ

چۈشۈش سەۋەبىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن كېلىش سەۋەبىگە چېتىشلىق ھەدىسلەرنىڭ سانى، مۇئەييەن سەۋەبتىن چۈشكەن ئايەتلەرنىڭ ساندىن كۆپ. شۇنداقلا ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلىش ۋە سەۋەبىگە رىئايە قىلىشقا بولغان ئېھتىياج، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى بىلىشكە بولغان ئېھتىياجدىن كۈچلۈك ۋە مەنپەئەتلىك. چۈنكى ھەدىس شەرىپ شارائىت ۋە كېلىش سەۋەبىگە بەك زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئايەتلەرنىڭ چۈشۈش سەۋەبىدىن غاپىل قېلىش، ئايەتلەرنىڭ مەقسىتىدىن چىقىپ كېتىشكە ئېلىپ بارغاندەك، ھەر بىر ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبى ۋە شارائىتىنى بىلمەسلىك دىندا داۋالغۇشقا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېغىرچىلىق پەيدا قىلىشقا سەۋەپ بولىدۇ. شۇڭا ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلمەي تۇرۇپ قىياس قىلىش خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ.

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ: «جۈمە كۈنى يۇيۇنۇش بالاغەتكە يەتكەن ئادەمگە ۋاجىپ» دېگەن.

مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئالىملار تۆرلۈك قاراشتا بولغان ۋە كۆپ تالاش ـ تارتىش قىلغان. يەنى ۋاجىپمۇ، سۈننەتمۇ ياكى مۇستەھەبمۇ؟ ۋاقتى قاچان؟ دېگەندەك... ئەمەلىيەتتە بۇ ھەدىسنىڭ كېلىش سەۋەبىگە قارايدىغان بولساق، بۇ مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش ھاجەتسىز.

بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا يىراق جايلاردىن كېلىشەتتى، كەلگىچە چاڭ ـ توزانغا دۈچ كېلەتتى ۋە تەرلەپ كېتەتتى. نەتىجىدە ئۇلاردىن تەرنىڭ

يۇرىقى پۇراپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ بۇلارغا قارىتىپ: «بۈگۈن يۇيۇنىۋالغان بولساڭلار، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى!» دېگەنىدى. دېمەك،جۈمە نامىزىغا يۇيۇنۇپ كېلىش باشقىلارغا كىر، مەينەتچىلىك ۋە تەر سەۋەبىدىن ئازار بەرمەسلىك، شۇنداقلا يېقىمسىز پۇراقلارنى يوقۇتۇش مەقسەتتۇر.

ئەگەر ھەدىسنىڭ بۇ سەۋەبىنى بىلسەك، جۈمە كۈنى غۇسۇلى قىلىش بەدىنى ۋە كىيىمى كىرلىشىپ كەتكەن ياكى تەرلەپ كەتكەن ئادەم ھەققىدە ۋاجىپ، دېگىلى بولىدۇ. باشقا كىشىلەر ھەققىدە يۇيۇنۇش مۇستەھەپ دەرىجىلىك سۈننەت دائىرىسىدە بولىدۇ.

# فىقھى تەتقىقاتى، پەتىۋا بېرىش ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى

شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ فىقھى بىلەن بولغان ئالاقىسى روھ بىلەن بەدەننىڭ ئالاقىسىغا ئوخشاش. دېمەك، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى فىقھى بىلىمىنىڭ روھىي. فىقھى بىلمى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھەرىكەت قىلىدىغان جىسىم. ئۇنداقتا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى تومۇرلىرىدا ئاقىدىغان فىقھى ھەقىقى جانلىق فىقھى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا شەرىئەتنىڭ روھى بىلەن كارى يوق ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلمايدىغان كىشى، فىقھى بىلىمىنى بۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن.

ئىمام شاتىبى مۇجتەھىدنىڭ شەرتىنى ئىككى مەسىلىدە خۇلاسىلىغان، بىرىنچىسى: شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىش، ئىككىنچىسى: فىقھىنى رېئال ھاياتتا ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈش.

دېمەك، شەرىئەت مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكامدۇر ۋە ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەقسەتلەردۇر. يەنى مەقسەتلەر ئەھكاملاردىن ئېلىنىدۇ، ئەھكاملار مەقسەتلەردىن ئېلىنىدۇ.

بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە داۋاملىق شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش لازىم:

فەقىھ *(ئالىم)* ھەر ۋاقىت شەرىئەتتىكى ھەر بىر ھۆكۈمنىڭ مەقسىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى لازىم. مانا بۇ فەقىھ ئۈچۈن مەسىلىنىڭ نىگىزى ۋە ئىجتىھاد يولىنىڭ ئاچقۇچى. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلىشتە قانچىلىك كەمچىلىك كۆرۈلسە، ئىجتىھاد ۋە فىقھى يەكۈن ئېلىشتا شۇنچىلىك قۇسۇر ۋە خاتالىق پەيدا بولىدۇ.

ھەر بىر فىقھى مەسىلىنىڭ دەلىلىنى تېپىپ چىقىش لازىم بولغانىدەك، مەقسەتلەرمۇ ھەر بىر مەسىلىدىكى ياكى ھەر بىر دەلىل بىلەن دەلىلىدۇر.

شەرىئەت مەقسەتلىرىنىڭ ئۈچ خىل باسقۇچى

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچ سەۋىيە بويىچە ئايلىنىدۇ، ھەممىسىنى ئېتىبارغا ئېلىش لازىم. ئۇلار:

بىرىنچى، شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال ئومۇمى مەقسەتلىرى

ئىككىنچى، شەرىئەتنىڭ خاس مەقسەتلىرى

ئۈچىنچى، شەرىئەتنىڭ تارماق مەقسەتلىرى.

## 1 ـ شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال ئومۇمى مەقسەتلىرى

شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال مەقسەتلىرى شەخسلەرنىڭ يەككە ـ كوللېكتىپ، ماددى ـ مەنىۋى، ھازىرقى ـ كېيىنكى، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، بۇ مەنپەئەتلەرگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ياكى توسالغۇ بولىدىغان زىيانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەقەززا

قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مەنپەئەت قولغا كەلگەندە ئۇنىڭ قارشىسىدا يوقىتىشقا تېگىشلىك بىر ياكى بىر قانچە زىيان تېپىلىدۇ.

بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەت مەقسەتلىرى شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرىنى تەمسىلى قىلىدۇ. ئۇلار: دىننى قوغداش، جاننى قوغداش، ئەقىلنى قوغداش، نەسەپ (ئابروي) نى قوغداش ۋە مال ـ دۇنيانى قوغداشتىن ئىبارەت مەقسەتلەر. بۇ بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەت «پرىنسىپال مەقسەتلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ مەقسەتلەردىن باشقا يەنە ئومۇمى مەقسەتلەر كېلىدۇ. مەسىلەن: ئادالەتنى تۇرغۇزۇش، ئەركىنلىكنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، ئامانلىقنى قوغداش، ئىناقلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەقىلنى تەرەققى قىلدۇرۇش، نەپسىنى پاك تۇتۇشقا ئوخشاش مەقسەتلەر. شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال ئومۇمىي مەقسەتلىرى شەرىئەتنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىدا كۆرۈنىدۇ.

### 2 ـ شەرىئەتنىڭ خاس مەقسەتلىرى

شەرىئەتنىڭ خاس مەقسەتلىرىدىن مەقسەت، مۇئەييەن قانۇن چىقىرىش مەيدانىدا رېئايە قىلىنىدىغان مەقسەتلەردۇر. بۇ مەيداندىكى شەرئى ئەھكاملار ئاشۇ مەقسەتلەرگە رېئايە قىلىش ئاساسىدا يەكۈنلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىبادەتلەرنىڭ مەقسەتلىرى ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى ئارىسىدا داۋاملىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، نەپسىنى پاك تۇتۇش ۋە قەلبىنى غىزالاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا ئىبادەتنىڭ ئاساسى مۇشۇ مەقسەتلەرنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشنى مەقسەت

قىلىدۇ.

ئائىلە ئەھكاملىرى، ئىقتىسادى ئىلىم ـ سېتىم ئەھكاملىرى، ئىبئانە ۋە ياردەم قىلىش ئەھكاملىرى، جىنايى ئىشلار ئەھكاملىرى، سىياسەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ساھەسىدىكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدىمۇ مۇشۇنداق دېيىش مۇمكىن.

### 3 ـ تارماق مەقسەتلەرنىڭ دائىرىسى

ئۇ ھەر بىر تارماق ئەھكاملارغا خاس مەقسەتلەر. تارماق ئەھكاملارنىڭ مەقسەتلىرى ئارقىلىق ئومۇمىي ۋە خاس مەقسەتلەرنى بىلگىلى بولىدۇ.

تارماق ھەر بىر ھۆكۈمنىڭ بىر ياكى بىر قانچە مەقستى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا ھۆججەت ئىلىشتىن مەقسەت تالاش ـ تارتىش ۋە تېنىۋىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

مەس قىلىدىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىشنىڭ مەقستى ئەقلىنى، بەدەننى، مال ـ مۈلكىنى قوغداش، شۇنداقلا ئىبادەتلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى ھىمايە قىلىش، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە قېرىنداشلىقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ..

ئومۇمى مەقسەتلەر خاس مەقسەتلەردىن، خاس مەقسەتلەر تارماق مەقسەتلەردىن شەكىللىنىدۇ.

# شەرىئەت مەقسەتلىرىنى فىقھى ئىجتىھادتا ئېتىبارغا ئېلىش تەرەپلىرى

1. ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش، يەنى مەقسەت قىلىنغان مەزمۇننى ئىزدىنىش.

2. ئايەت ـ ھەدىستىن مەقسەت قىلىنغان مەنپەئەت ۋە ھېكمەتنى بىلىشكە ئۇرۇنۇش.

3. قايسى ئىشنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە تەۋە، قايسىنىڭ تەۋە ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش.

4. ئۆزى ئۈچۈن مەقسەت قىلىنغان نەرسە بىلەن، باشقىلار ئۈچۈن مەقسەت قىلىنغان نەرسىنى ئايرىش.

5. تارماق مەسىلىلەرنى تەتبىقلىغاندا شەرىئەتنىڭ ئومۇمى مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلىش.

6. تەتقىقات تېمىسى تەۋە بولىدىغان ھۆكۈم چىقىرىش مەيدانىدا خاس مەقسەتلەرگە رىئايە قىلىش.

7. شەرىئەت كۆزلىگەن مۇتلەق مەنپەئەتلەرگە رىئايە قىلىش.

8. ھۆكۈمنى مەنپەئەت ياكى زىيان مىقدارى بويىچە رەتلەپ چىقىش.

9.قىياس ئىشلەتكەندە مەقسەتلەرگە رىئايە قىلىش.
10.ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسىنى ئېتىبارغا ئېلىش.
يۇقىرىقى بىر قانچە مەسىلىلەرگە مىسال ئالايلى.

### *1 - شەرئى دەلىلنىڭ مەقسىتىنى تەكشۈرۈش*

شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە رىئايە قىلىش ـ ئىزدىنىش، تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە قىلىشتىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىگە قاراپ باقايلى، رەسۇلۇللاھ: «مۆمىندىن باشقىسىغا ھەمرا بولما، تەقۋا ئادەمدىن باشقىسى سېنىڭ تامىقىڭنى يېمىسۇن» دېگەن. بۇ ھەدىسنى مەقسىتىگە قارىماي سىرتقى زاھىرى ئۇقۇمى بويىچە چۈشەنسەك، شەرىئەتكە تولۇق ئېسىلىپ مېڭىۋاتقان مۇستەقىم مۇسۇلمانلار بىلەن، شەرىئەتكە تولۇق ئەمەل قىلمايدىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىنى تولۇق ئايرىشقا ۋە ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە مۇستەقىم بولمىغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش روھى ۋە دەۋىتى بولمايدۇ. بۇ ئىش شەرىئەتنىڭ روھىغا خىلاپ، چۈنكى شەرىئەت مۇسۇلمانلارنى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلارنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ھەدىسنىڭ مەقسىتى، تەقۋا بولمىغانلارنى ياخشىلىق قىلىشتىن مەھرۇم قىلىش ئەمەس. ھەدىسنىڭ مەقسىتى ھارامدىن يۈل تېپىشتىن ۋە تەقۋا ئادەم قاچىدىغان ئىشلارنى

قىلىشتىن توسۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى ھەدىسنىڭ دېمەكچى بولغىنى شەرىئەتنى تولۇق چىڭ تۇتۇپ ماڭىدىغان ئادەمدىن باشقىسىنى ھەمرا تۇتما، تەقۋا ئادەمدىن باشقىسى بىلەن دوست بولما، دېمەكچى.

دېمەك، ھەدىس شەرىپ ھارام يولدىن پۇل تاپما، چۈنكى تەقۋالار ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ھەمرا بولۇشتىن ۋە ئۇلارنىڭ زىياپىتىدىن قاچىدۇ، دېيىش ئارقىلىق يامان ئادەملەرنى دوست تۇتۇشتىن ئاگاھلاندۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن تەتقىقاتچى ئالىم مەقسەت قىلىنغان مەزمۇنلارنى كۆزلەش ۋە ئۇنى ئاساسلىق يۈزلەندۈرگۈچى قىلىش لازىم.

كۆرسەتمە ئىرادىگە ئەگىشىدۇ، يەنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئىرادىسى ۋە مەقسىتى سۆزدىكى مەقسەتتۇر. ئىمام ئامىدى «سۆزلەرنىڭ مەنىلەرگە قارىتا كۆرسەتمىسى سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتى ۋە ئىرادىسىگە ئەگىشىدۇ» دېگەن. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، تارماق مەقسەتلەر، شەرىئەتنىڭ ئومۇمى پرىنسىپال مەقسەتلىرىنى بىلىش ئاساسىدا قولغا كېلىدۇ.

***2 ـ ئايەت-ھەدىسنىڭ ئارقىسىدىكى مەنپەئەت ۋە ھېكمەتنى ئىزدەش***

فىقھى ھۆكۈم ئالغاندا تارماق مەقسەتنى بىلىش فىقھىنىڭ ھەقىقى مەنىسى. مەقسەت قىلىنغان مەزمۇن ۋە تارماق مەقسەتلەرنى بىلگەندىن كېيىن شۇ ھۆكۈمدىكى ھېكمەت ۋە مەنپەئەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىش لازىم. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ بىر سودىدا ئىككى سودا قىلىشتىن، تېخى قولغا ئالمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توسقان چەكلىمىلەر. بۇ چەكلىمىلەردىكى

زىيانلارنى بەلگىلەش، ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ھۆكۈملىرىنى بىلىشتە ئايرىلمايدىغان بىر ئىشتۇر. كىم مەقسەت قىلىنغان مەنپەئەت مەقسىتىنى بىلىشتە خاتالاشسا، ھۆكۈم ئىلىشتا خاتالىشىدۇ، ياكى مەنپەئەت يوق نەرسىنى قوشۇپ قويىدۇ ياكى مەنپەئەت بار نەرسىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىم دائىم تارماق شەرئى دەلىللىنىڭ ئومۇمىي چوڭ مەقسىتىگە دىققەت قىلىشى زۆرۈر. مانا بۇ ھەقىقى فىھقى (چۈشەنچە) سانىلىدۇ.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ: «قوش نىكاھ قىلىدىغانلار، ئايال بىلەن ئايالنىڭ ھاممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ نىكاھىغا ئېلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلىپ قالساڭلار، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈشلىشىگە سەۋەب بولىسىلەر» دېگەن. دېمەك، بۇ ھەدىستىن ھۆكۈم يەكۈنلىگەندە مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۇزۇشقا ۋە ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق ئىشنى ھارام دەپ، بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىنى باشقىسىغا ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭغا بىنائەن بىرسىنىڭ مەنسىپى ۋە خىزمىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشمۇ ھارام، چۈنكى ئۇ ئىشمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

### ***3 - ئەسلى مەقسەت بىلەن قوشۇمچە مەقسەتنى پەرقلەندۈ-رۈش***

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، شەرئى كۆرسەت-مىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزى ئۈچۈن مەقسەت قىلىنغان ئەسلى مەقسەتلەر ۋە قوشۇمچە مەقسەتلەر بار.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ھارام قىلىنغان ئىشلار ئىككى تۈرلۈك:

بىر تۈرى، ئۆزى ئۈچۈن ھارام قىلىنغان ئىشلار، يەنى ساقلىنىش لازىم بولغان ئىش، بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىدە زىيانلىق تەرەپلەر كۆپ بولىدۇ. يەنە بىر تۈرى، باشقا سەۋەب ئۈچۈن ھارام قىلىنغان ئىشلار، يەنى بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىدە ھاراملىق ۋە زىيانلىق تەرىپى يوق، لېكىن بۇ ئىشلار ھارام ئىشلارغا باشلاپ بارىدىغان بولغاچقا چەكلەنگەن.

مەسىلەن، پاھىشە ئۆزلىكىدىن ئەسلىدىن ھارام. شۇنداقلا شەرئى يول بىلەن بولمىغان جىنسى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ھارام. ئەمما قاراش، تۇتۇش، سىلاش، ئەۋرەتلەرنى ئېچىش ئۆزلىكىدىن ھارام بولغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى باشقا سەۋەبلەردىن ھارام بولغان ئىشلار. چۈنكى بۇ ئىشلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئەسلى ھارام ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ.

سودا ـ سېتىق ۋە باشقا ئىشلاردا ئالداش، قويۇۋېتىش، زىيان سېلىش ئەسلىدىن ھارام بولغان ئىشلار. ئەمما مېۋە ـ چېۋىلەرنى پىششىتىن ئىلگىرى سېتىش ئەسلى ھارام بولغان ئىش بولماستىن، باشقا سەۋەب ئۈچۈن چەكلەنگەن ئىشتۇر.

ۋاجىپ ئىشلارنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ۋاجىپ ئىشلارنىڭ قاتارىدا ئۆزى ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان ئىشلار بار ۋە باشقا سەۋەپتىن ۋاجىپ بولغان ئىشلارمۇ بار.

بىرىنچىسى ئەسلى مەقسەت ئېتىبارىدىن ۋاجىپ بولغان ئىشلار، ئىككىنچىسى سەۋەپ، ۋاستە ئېتىبارىدىن ۋاجىپ بولغان ئىشلار.

مەسىلەن، تويى قىلىش ئەسلى مەقسەت. كۆپلىگەن

كىشىلەر ھەققىدە بەزىدە سۈننەت، بەزىدە ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنداقلا نىكاھتا «ئالدىم ـ تەگدىم» دەپ ئىبنىق ئىپادە بىلدۈرۈشمۇ ئەسلى مەقسەت. ئەمما ۋەلى بەلگىلەش، تويلۇق، گۇۋاھچىلارنىڭ بولىشى ۋە تويىنى ئاشكارا قىلىش قوشۇمچە مەقسەتلەر بولۇپ، ئەسلى مەقسەتلەر ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىشلار تويىنى پۈتكۈزۈش، مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ قازاندۇرۇش ئۈچۈن ياردەمچى ئىشلاردىن ئىبارەت.

دېمەك، ۋاسىتە ۋە سەۋەبنىڭ دەرىجىسى ئەسلى مەقسەتلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، شەرىئەتتە مەقسەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋاسىتىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن يۇقىرى تۇرىدۇ، ۋاسىتىلەردىكى رۇخسەت مەقسەتلەردىكى رۇخسەتلەرگە قارىغاندا كەڭرى بولىدۇ. ۋاسىتىلەرنىڭ ھۆكمى مەقسەتلەرگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

ۋاستىنى چەكلەش ئۈچۈن ھارام قىلىنغان نەرسە، كۆپچىلىك مەنپەئەت ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن ھارام قىلىنغان نەرسە زۆرۈرىيەت دەرىجىسى بولمىسا دۇرۇس بولمايدۇ.

مەسىلەن، قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىلەرنى سېتىش چەكلىنىدۇ، لېكىن مۇئەييەن ئەھۋاللاردا قولغا ئالمىغان نەرسىنى ئېلىپ سېتىش رۇخسەت قىلىنغان. قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى ئېلىپ سېتىش جېدەل ـ ماجىراغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى سەۋەبىدىن چەكلەنگەن.

### *4 ـ تارماق مەقسەتلەرنى تەتبىقلىغاندا شەرىئەتنىڭ ئومۇمى مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلىش*

مەقسەتلەرنىڭ بۇ تۈرى ئالاھىدە ئېتىبار ۋە كۆڭۈل

بۆلۈشكە ئىگە، چۈنكى شەرىئەت شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىجتىھادنىڭ باشقا شەرتلىرى بىلەن ساغلام بولىشى ۋە يەكۈن ئېلىشنىڭ ئۆلچەملىك بولىشى ئۈچۈن رامكا قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن.

شۇ سەۋەبتىن قايسى بىر مەسىلە ياكى پەتىۋا ھەققىدە ئىزدەنگەندە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن تەتقىق قىلىۋاتقان تېمىغا قاراپ چىقىش زۆرۈر. شۇڭا مۇپتى پەتىۋا بەرگەندە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە دىققەت قىلىشى لازىم، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى قوغدىغان ياكى پايدا ئېلىپ كەلگەن نەرسە شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدىن سانىلىدۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە زىيان ئېلىپ كەلگەن قايسى بىر مەسىلە شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە زىيانلىقتۇر، ئۇ زىياننى يوقىتىش مەنپەئەتتۇر.

### ***5 - ھۆكۈمنىڭ دەرىجىسىنى مەنپەئەت ياكى زىيانغا قاراپ رەتلەش***

شەرىئەتتىكى بۇيرۇقلار مەنپەئەتلەرگە ئەگىشىدۇ، شۇنداقلا چەكلىمىلەر زىيانلىق ئىشلارغا ئەگىشىدۇ. مەنپەئەت تۆۋەنرەك دەرىجىدە بولسا، سۈننەت دەرىجىسىدە بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىراق دەرىجىدە بولسا ۋاجىپ بولىدۇ.

ئاندىن مەنپەئەت ئۆرلىسە سۈننەتنىڭ دەرىجىسى ئۆرلەپ كۈچلۈك سۈننەتكە ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا مەكروھ زىياننىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى بىلەن ھارامغا يېقىن دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. دېمەك، مەنپەئەتنىڭ دەرىجىسى بولغاندەك، زىياننىڭمۇ دەرىجىسى بار.

دىمەك، سۈننەت دەرىجىلىك مەنپەئەتنى ۋاجىپ دەرىجىلىك مەنپەئەتكە كۆتۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەنپەئەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ۋاجىپ، شەرىئەت بۇ مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن قىزىقتۇرغان، سەل قارىغانلارغا جازا بېكىتكەن.

شۇنىڭغا ئاساسەن، شەرىئەتتە كەلگەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر بىر خىل دەرىجىدە ئەمەس. بۇيرۇقتىن كېلىپ چىقىۋاتقان مەنپەئەتنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن بۇيرۇققا بويسۇنۇش ۋە چەكلىمىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان زىياننىڭ مىقدارىغا ئاساسەن ئۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىم.

مەسىلەن، نىكاھنىڭ ھۆكمى، شەرىئەت نىكاھلىنىشقا قىزىقتۇرغان. نىكاھنىڭ بەش تۈرلۈك ھۆكمى بار:

توي قىلىشقا قاتتىق ئېھتىياجى بار، گۇناھ قىلىپ سېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان ئادەمگە نىسبەتەن ۋاجىپ.

دىنىي ياكى دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن توي قىلغان ئادەمگە نىسبەتەن سۈننەت.

ھاجىتى يوق ئادەمگە نىسبەتەن دۇرۇس.

ئەر ـ ئايالنىق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بەزىسىنى قىلالمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مەكروھ.

زۇلۇم ۋە گۇناھقا سۆرەپ بارىدىغان بولسا ھارام بولىدۇ.

تالاقنىڭ ھۆكمىمۇ ھەر ھالەتتە پايدا ـ زىيانغا قاراپ تۆرۈپ يۇقىرىقىدەك بەش تۈرلۈك بولىدۇ.

# پەتىۋا ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى يۈز بەرگەن ۋە كۆتۈلۈۋاتقان شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرى ئۈچۈن ئومۇمىي بىر ئۆلچەم ئورنىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى نىشان بىرلىكى، پىكىر بىرلىكى، خىزمەت بىرلىكى ۋە چىقىش يولىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۈگۈنكىدەك ئورۇنسىز تالاش-تارتىش كۆپەيگەن، ئىدىيە كۈرىشى جانلانغان، پرىنسىپال مەسىلىنىڭ ئورنىغا تارماق مەسىلىلەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان، غايىنىڭ ئورنىغا ۋاسىتىنى ئالدىغا قويۇۋالغان، پرىنسىپنىڭ ئورنىغا شەخسلەرگە مۇتەئەسسىپلىك قىلىش كۆچەيگەن بىر زاماندا دەۋەت ۋە خىزمەت يولىدا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈش نىشانلىق ئىسلاھاتنىڭ ۋە توغرا ئويغىنىشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

خىزمەت يولىدا شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈش، ئاساسلىق مەسىلىنى ئۇنتۇپ تارماق مەسىلىلەر مەشغۇل بولۇپ كېتىش، ۋەھيىنى ئەمەس شەخسلەرنى مۇقەددەس بىلىش، ۋاستىنى مەقسەتنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش... دېگەندەك تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولغان مەسىلىلەرنى تۈگىتىدۇ ۋە كېسەلنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

# 1 ـ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى: شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغان مەقسەت ۋە غايىلەردىن ئىبارەت.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى پرىنسىپال مەقسەتلەر ياكى زۆرۈرىيەت مەقسەتلىرى، ئېھتىياج مەقسەتلىرى ۋە گۈزەللەشتۈرۈش ياكى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسەتلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. بۇ مەقسەتلەر قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ ھەر بىر ھۆكۈملىرىدە كۆزلەنگەن، شەرىئەت يولغا قويغان ھەر بىر ھۆكۈمدە بۇ مەقسەتلەردىن بىرنى ياكى بىر قانچىسىنى ھىمايە قىلىشنى كۆزلىگەن، چۈنكى شەرىئەت مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

### 1) زۆرۈرىيەت مەقسەتلىرى

دىن، جان، ئەقىل، ئىززەت ـ ئابروي ياكى نەسىل ۋە مال ـ مۈلۈكنى قوغداش ۋە ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىبنى تەيمىيە ۋە ئەللامە تاھىر بىن ئاشۇرغا ئوخشاش بۈيۈك بەزى ئالىملار دەلىللىنىڭ كۆپلىكىدىن: ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي ھۆرمەتنى قوغداشنىمۇ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ قاتارىدىن دەپ قارىغان. چۈنكى بۇ مەسىلىلەرمۇ شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال ئاساسلىرىنىڭ قاتارىدىن.

زۆرۈرىيەت مەقسەتلىرى ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدىغان ئاساسلىق

مەقسەتلەر بولۇپ، بۇ مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى ياكى بىرەرسى يوق بولۇپ قالغاندا ھايات تۈزۈمى بۇزۇلىدۇ، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى يوقاپ كېتىدۇ ۋە ئادىمىيلىككە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ. بۇ مەقسەتلەرنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئىنسانلىقنى يوقاتمىغان بارلىق دىنلار ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاق كېلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئويلىنىش كەتمەيدۇ، زۆرۈرلىكى ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ بەش تۈرلۈك زۆرۈرىيەت پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ، بىرسىدىن چاتاق چىقسا، قالغىنىغا چوقۇم سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بۇ بەش تۈرلۈك زۆرۈر مەسىلىنى ھىمايە قىلىشنى نىشان قىلىدۇ.

## 2) ئېھتىياج خاراكتېرىدىكى مەقسەتلەر

ئېھتىياج مەقسەتلىرى دېگەن: ئېھتىياج تەلەپ قىلىۋاتقان مەقسەتلەردىن ئىبارەت. ئېھتىياج مەقسەتلىرى زۆرۈرىيەت دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى چۈشىدىغان مەنپەئەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەقسەتلەر ھايات ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان بەك زۆرۈر ئورۇندا تۇرمايدۇ، چۈنكى بۇ مەقسەتلەر بولمىسا ھايات توختاپ قالمايدۇ. بىراق بۇ مەقسەتلەرگە ئېھتىياج كۆپ بولىدۇ، يوق بولۇپ قالسا جاپا-مۇشەققەت تۇغۇلىدۇ.

مەسىلەن، ئىبادەتلەرنىڭ تەپسىلاتى، مىقدارى ۋە شە-كىللىرىنى بەلگىلەش دىنىنى ھىمايە قىلغانلىقتۇر، چۈنكى تەپسىلاتى ئېنىق بولمىسا ئېنىقسىزلىق پەيدا بولۇپ، نەپسى خاھىش، ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق قىلىش ئالدىدا يول ئېچىلىپ

كېتىدۇ. شۇڭا ئىبادەتنى قوغداش ئۈچۈن تەپسىلاتى، شەرتلىرى، مىقدارلىرى ۋە شەكىللىرىنى بەلگىلەش لازىم بولغان.

ئېھتىياج سەۋىيىدىن ئالدىن زاكالەت بېرىش سودىسى، يوق نەرسىنى ياساپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش سودىسى، مۇزارىبە (بىرسى پۇل يەنە بىرسى كۈچ چىقىرىپ شېرىكلىشىش) سودىسى، ھۆنەرۋەنلەرگە بۇزۇۋەتكەن نەرسىلەرنى تۆلىتىش... دېگەندەك ئىشلارنى دۇرۇس قىلغان. بۇ ئېھتىياجلارنى تاشلاپ قويۇش ئىنسانىنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئېلىپ بارمايدۇ. بىراق ئىنسانىنىڭ زىيان تارتىشى، مۇشەققەت چېكىشى ۋە قىيىن ھالەتتە قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەت يۈز بەرگەندە رۇخسەتنى يولغا قويۇش ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدۇر. مۇشۇ ۋەجىدىن ئالىملار ئىسلام شەرىئىتىدىكى چوڭ قائىدىلەرنىڭ بىرى بولغان: «مۇشەققەت ئاسانلىقنى تۇغدۇرىدۇ» ، «ئىش تارايسا كېڭىيىدۇ» دېگەن قائىدىلەرنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن.

### *3) گۈزەللەشتۈرۈش ياكى تولۇقلاش مەقسەتلىرى*

زۆرۈرىيەت ياكى ئېھتىياج دائىرىسىگە تەۋە بولمىغان ھەر قانداق مەنپەئەتلىك ئىشلار گۈزەللەشتۈرۈش ياكى تولۇقلاش مەقسەتلىرىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ مەقسەت ھاياتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ ۋە گۈزەللەشتۈرىدۇ. بۇ مەقسەتلەر ئارقىلىق ئۈممەتنىڭ ئومۇمى تۈزۈمى مۇكەممەللىشىپ، خاتىرجەم ياشايدۇ. دېمەك، شەرىئەت مەنپەئەتلەرنى بارلىق سەۋىيىسى بويىچە ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. گۈزەللەشتۈرۈشكە ئالاقىدار

مەقسەتلەر ۋاجىپ، سۈننەت، مۇباھ، مەكروھ ۋە ھارام دېگەن تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن، نەپلە ئىبادەت، مۇئامىلىگە ئالاقىدار ئەدەب-ئەخلاق، ئىبىل ئادەتلەر، مەنىسىز ئىشلاردىن ساقلىنىش، ئىسراپ قىلماستىن چىرايلىق ياسىنىش، ئەتىر ئىشلىتىش، ئەۋرەتنى يۆگەش، نىجىس نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىشتىن توسۇش...دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار.

## 2 - پەتىۋا بېرىش ۋە شەرىئەتنىڭ مەقستى

### *1) پەتىۋا بېرىشنىڭ ئەھمىيتى ۋە ئورنى*

شەرىئەت مەسىلىلىرىدە پەتىۋا بېرىشنىڭ كىشىلەرگە دىنىنى چۈشەندۈرۈش ۋە بايان قىلىشتا چوڭ رولى بار. رەسۇلۇللاھ ۋە رەسۇلۇللاھدىن كېيىنكى ئۆلىمالار بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن. بەزى ئۆلىمالار پەتىۋا بېرىشنى شەرىئەتكە ۋاكالىتەن ئىمزا قويۇش دەپ ئىزاھلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن پەتىۋا بەرمەكچى بولغان كىشىدە باشقا شەرتلىرى بىلەن بىرلىكتە «ئىلمىي سالاھىيەت» تېپىلىشى لازىم.

بۇ يۈكسەك ماقامنى بىلىمسىزلەردىن ھىمايە قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پەتىۋا بېرىش ئىشلىرىدا بىلىمسىزلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش لازىم. رەسۇلۇللاھ بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ پەتىۋا بېرىش ئىشلىرىغا ئارىلاشىشا ياكى ئوتتۇرىغا چىقىۋالسا دىن ۋە كىشىلەرگە ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان: «ئاللاھ بىلىم-

مەرىپەتنى ئىنسانلاردىن بىراقلا تارتىۋالمايدۇ، ئالىملارنى ۋاپات قىلدۇرۇش ئارقىلىق بىلىم-مەرىپەتنى ئېلىۋالىدۇ، جەمئىيەتتە ئالىم قالمىغاندا كىشىلەر نادان ۋە بىلىمسىز ئادەملەرنى رەئىس ۋە مۇپتى سايلىۋالىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىۋېرىدۇ، نەتىجىدە ئۆزىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

بۇيۇك ئالىم ئىمام شاتىبى پەتىۋا بېرىشتىن ئىبارەت بۇ مەنسەپنىڭ پەزىلىتىنى تونۇشتۇرۇپ: «مۇپتى پەيغەمبەرگە ئوخشاش ئاللاھقا ۋاكالىتەن دىنى ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدۇ، پەيغەمبەرگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىغا جاۋاب بېرىپ شەرىئەتكە ۋاكالىتەن ئىمزا قويىدۇ ۋە پەيغەمبەرگە ئىزباسارلىق قىلىپ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىجرا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ۋە مۇپتىلار ھاكىملارغا ئوخشاش «ئىش ئۈستىدىكى مەسئۇللار» دەپ ئاتالغان، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىر ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان» (شاتىبى: مۇۋاپىقات، -5توم، -253بەت).

### *2) شەرىئەتتە ئاسانلاشتۇرۇش چۈشەنچىسى*

ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانلىق ۋە قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى مۇقەررەر بىر مەسىلە. شەرىئەتكە بىر پۈتۈن قارايدىغان بولساق، ئاللاھ بۇ دىننى ئىنسانلارغا رەھمەت ۋە ئاسان قىلىپ بەرگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىمۇ رەھمەت. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ مېنى تەسلەشتۈرىدىغان قىلىپ ئەۋەتمىدى، بەلكى ئاسانلاشتۇرغۇچى

مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتكەن» دەيدۇ (مۇسلىم رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بەرگۈچىلەرنى ئاسانلاشتۇرۇشقا ۋە كىشىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرماسلىققا بۇيرۇپ: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار، خۇش - بىشارەت بېرىڭلار، دىندىن قاچۇرۇپ قويماڭلار» دەپ تەۋسىيە قىلىپ تۇراتتى» (بۇخارى رىۋايىتى). مۇسۇلمانلارنى مۇمكىن قەدەر دىننىڭ دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن شەرىئەتتە كەلگەن دەلىلگە ئاساسەن ئاسانلاشتۇرۇش ۋە توغرا يولغا قىزىقتۇرۇش لازىم. مۇسۇلماننى دەلىل ئاساسىدا دىننىڭ كۆرسەتمىسى دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرغانلىق شەرىئەتنىڭ ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە ئۇيغۇندۇر.

پەيغەمبەر بېرىش مەسىلىسىدە چېكىدىن ئاشۇرۇپ تەسلەشتۈرۈش چەكلەنگەندەك، دىننىڭ كۆرسەتمىسىگە سەل قاراشمۇ چەكلىنىدۇ. شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان پرىنسىپلىرى، ئاساسلىرى ۋە كەسكىن مەسىلىلىرىدە ۋاز كېچىش ياكى ئاسانلاشتۇرۇش قەتئىي توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ شەرىئەت پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە ئاساسلىرى بىلەن ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ئىنسانلارغا تەتبىقلاشتا، شۇنداقلا ھەر زامانغا يارايدىغان سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىدا رەھمەت بولۇپ كەلگەن.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، شارائىت ۋە رىئاللىقنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن ـ دەلىلسىز ـ ئاسانلاشتۇرۇش ئۇقۇمىدا مۇبالىغە قىلىۋېتىش خاتالىق ھېسابلىنىدۇ.

# 3 ـ پەتىۋانى ئاسانلاشتۇرۇشتا چېكىدىن ئاشۇرۇش ۋە سەل قاراش مەسلىسى

پەتىۋا بېرىش ساھەسىدە جەمئىيەتتە ئىككى ئېقىم بار بولۇپ، بىرسى ئاسانلاشتۇرۇشتا مۇبالىغە قىلىۋەتكەن، يەنە بىرسى تەسلەشتۈرۈشتە مۇبالىغە پەيدا قىلىپ ئاسانلىق پرىنسىپىدىن يىراقلاشقان.

***بىرىنچى، ھۆكۈمنى قاتتىقلاشتۇرۇش ۋە ئېھتىيات يولىنى تۇتقان ئېقىم***

بۇ ئېقىمنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. مەزھەپ ياكى كۆز قاراش ياكى بەزى ئالىملارغا مۇتەئەسسىپلىك قىلىش.**

مۇتەئەسسىپلىك دېگەن: ئىجتىھادى ئىشلاردا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى تالاش ـ تارتىش قىلغىلى بولمايدىغان بىردىن بىر ھەق دەپ قاراشتىن ئىبارەت. بۇلار ئۆزىگە ياخشى گۇماندا بولىدۇ، باشقا ئىجتىھاد يولىنى تۇتقانلارغا قوپال تېگىدۇ. كىشىلەرنى باشقا كۆز ـ قاراشلاردىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆز ـ قارىشىغا مەجبۇرلاشتا چىڭ تۇرىدىغان يولنى تۇتۇپ ماڭىدۇ. نەتىجىدە كىشىلەرنى قىيىن ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئىمام ئەھمەد: كىم كىشىلەرگە پەتىۋا بەرسە، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ كۆز ـ قارىشىغا مەجبۇرلىشى توغرا ئەمەس، دېگەن ئىكەن (نەۋۋەۋى: مەجمۇئ، ـ 1توم، ـ 90بەت).

**2. پەقەتلا دەلىلنىڭ زاھىرىغا ئېسىلىۋېلىش**

دەلىلنى چوڭ بىلىش ۋە ئۇنى ئاساس قىلىش شەرىئەتنىڭ تەلپى، ئۇقۇمى ئېنىق دەلىل بار يەردە ئىجتىهاد قىلىشقا ئورۇن يوق. بىراق دەلىلنى چۈشەنمەي ياكى شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى بىلمەستىن دەلىلنىڭ زاهىرىغا ئېسىلىۋېلىش بۇرۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. پىقھىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ باقمىغان كىشىلەر ئۆلىمالار تەرىپىدىن زاهىرىيلار ياكى قاتماللار دەپ ئاتالغان. بۇلار پىقھى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي بولغان ئۇسۇلى فىقھى بىلىملىرى بىلەن شۇغۇللانمىغان، ئالىملارنىڭ كۆز-قاراشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمىگەن، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان؛ زامان، ماكان ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تارماق ئەھكاملارنىڭ ئۆزگىرىدىغان سەۋەبلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن كىشىلەردۇر. *(د.يۇسۇپ قەرزاۋى: ئۆلچەم ۋە ئۆلچەمسىزلىك ئارىسىدىكى هازىرقى زامان ئىجتىهادى، -88بەت)*.

بۇلارنىڭ ئاغزى ۋە قەلىمىدىن دەلىلسىز ياكى قائىدىسىز هارام دېگەن سۆز كۆپ چىقىدۇ.

## 3. ۋاسىتىنى چەكلەشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئېهتىيات يولىنى تۇتۇشتا مۇبالىغە قىلىۋېتىش

شەرىئەتنىڭ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت مەقسەتلىرىنى هىمايە قىلىش ئۈچۈن ۋاسىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئېتىبارغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا دەلىللەر كەلگەن. بۇ قائىدىنى ئېلىشنىڭ توغرىلىقىدا مەسىلە يوق. بىراق «ۋاسىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» دېگەن بۇ قائىدىنى تەتبىقلاشتا مۇبالىغە قىلىپ، بىر مەنپەئەتكە قارشى ياكى خىيالى زىيانغا قارشى بىر قانچە مەنپەئەتلەرنى بىكار

قىلىۋېتىش توغرا ئەمەس.

مەسىلەن، بەزىلەر باشقا مىللەتلەر قولغا كەلتۈرگەن بىلىم-مەرىپەت، ئىجادىيەت ۋە ئىدارە تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىشنى بىدئەت دەپ قاراپ رەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىقتىساد ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى كۆپلىگەن يېڭى مەسىلىلەرنى كاپىر ئەللىرىدىن كەلگەن دەپ قاراپ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە زىت كەلمەيدىغان بەزى نۇقتىلارنىمۇ رەت قىلىدۇ. ئۈممەتنىڭ ياكى مىللەتنىڭ ئېھتىياجى بولغان ئىشلاردا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە زىت كەلمىسىلا ۋاسىتىنى چەكلەش ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىنى ئېچىش لازىم.

بۇ ئېقىم ئىجتىھاد ياكى ئىختىلاپ بولغان مەسىلىلەردە سەل قاراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن قائىدىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئېھتىيات يولىنى تۇتۇۋېلىپ پەقەتلا ھارام ياكى ۋاجىپ دېگەن پەتىۋا بېرىش ئارقىلىق ھۆكۈمنى ھەممە كىشىلەرگە ۋە ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا ئومۇملاشتۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، ئۈممەت ياكى مىللەتنىڭ ئېھتىياجى بولغان بەزى ساھەلەردە ئاياللارنىڭ ئۆلچەملىك كىيىم-كېچەك بىلەن خىزمەت قىلىشىنى چەكلەيدۇ، جازانە بار دېگەن شۇبھە بىلەن بانكا مۇئامىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھارام دەپ قارايدۇ...

بىر ئىنسان تەقۋالىقنى ئاشۇرۇش ۋە كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ھەققىدە قانچىلىك ئېھتىيات يولىنى تۇتسا دۇرۇس، قوللاشقا ئەرزىيدۇ، بىراق كىشىلەرگە ئاسان پەتىۋا تۇرسا ئېغىر پەتىۋا بېرىش ياكى مەجبۇرلاش كىشىلەرنى قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ھەر قانداق

ئىشلاردا ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش ۋە باشقىلارنى شۇنىڭغا بۇيرۇش ئىنسانلارنىڭ ئەھۋاللىرىدا قىيىن شارائىت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا زىيان كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. ( ياقۇپ باھسىن: ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش، 115 ـ بەتكە قاراڭ) .

***ئىككىنچى، سەل قاراش ۋە دەلىلسىز ئاسانلاشتۇرۇۋېتىش ئېقىمى***

## بۇلارنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى تۆۋەندىكىچە

1. دەلىلگە زىت كەلسىمۇ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم دەپ قاراپ چىقىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ:

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن بولغان مەنپەئەت دېگەن دەلىل ياكى ئىجماغا زىت كەلمەيدۇ. ئەگەر مەنپەئەت ئېنىق دەلىل ياكى ئېنىق ئىجماغا زىت كەلسە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر بانكىنىڭ ئۆسۈمنى دۇرۇس دەپ قاراپ، ئىجماغا زىت ھالدا پەتىۋا بەرگەن. يەنە بەزىلەر ساياھەتنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ھاراق ساتسا دۇرۇس، رامىزان ئېيىدا ئىشلارنى ئاقسىتماسلىق ئۈچۈن روزا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن. يەنە بەزىلەر مىراستا ئوغۇل ـ قىزلارنى باراۋەر قىلسا بولىدۇ، دەپ قارىغان. ھالبۇكى بۇ پەتىۋالار ئېنىق دەلىلغا زىت كېلىدۇ.

2. رۇخسەت ئىزدەپ يۈرۈش:

قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن رۇخسەتلەرنى تۇتۇپ مېڭىش يوللۇقتۇر. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ كۈچلۈك ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنغاندەك، رۇخسەت ھۆكۈملىرىنىڭمۇ ئىجرا قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن (تەبرانى ۋە بەززار رىۋايىتى) .

ھەزرىتى ئائىشە: «رەسۇلۇللاھ ئىككى ئىش ئارىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلسە، گۇناھ بولمىسىلا ئاسان ئىشنى تاللايتتى، ئەگەر گۇناھ بولۇپ قالىدىغان ئىش بولسا ھەممىدىن يىراق تۇراتتى» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەمما مۇپتى ئېھتىياج بولمىسىمۇ پەتىۋالىرىدا دائىم مەزھەپلەردىكى رۇخسەت ھۆكۈملەرنى ئىز قوغلاپ يۈرسە بولمايدۇ. چۈنكى ھەر مەسىلىدە ئېھتىياج بولمىسىمۇ مەزھەپلەردىكى رۇخسەت تەرەپلىرىنى ئىز قوغلاپ يۈرۈش نەپسى خاھىشقا باشلاپ بارىدۇ ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## 4 - پەتىۋانى ئاسانلاشتۇرۇش ئۆلچەملىرى

ئىسلام شەرىئىتى ئوتتۇراھاللىق ۋە ئاسانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر شەرىئەت. شۇنىڭ ئۈچۈن پەتىۋا بەرگۈچىلەر ئورۇنسىز چىڭ تۇرۇۋېلىش بىلەن سەل قاراش ئارىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشى كېرەك. ئىمام شاتىبى: «يېتىشكەن مۇپتى جۇمھۇر كىشىلەرگە مۇناسىپ كەلگۈدەك ئوتتۇراھال يول بىلەن پەتىۋا بېرىدۇ، ئۇلارنى قاتتىقلىق مەزھىپىگە قىستىمايدۇ ياكى سەل قاراش تەرىپىگە مايىل بولمايدۇ. شەرىئەتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى سەل قارىماستىن ئوتتۇراھال يولغا دەۋەت قىلىشتۇر. ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنىگەن ھەر قانداق بىر نەرسە يېتىشكەن ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. دەلىلسىز قاتتىقلاشتۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش ئادالەتتىن

چەتنىگەنلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۇنىڭ بىلەن هەل بولمايدۇ. پەتىۋانى دەلىلسىز قاتتىقلاشتۇرغۇچى ياكى سەل قارىغۇچى تەرەپنىڭ هەر ئىككىسى هالاك قىلغۇچىدۇر. پەتىۋا ئىشلىرىدا كىشىلەرگە قىيىن هالەت شەكىللىنىدىغان تەرەپكە تەشەببۇس قىلىنسا، دىن كىشىلەر تەرىپىدىن يامان كۆرۈلۈپ قېلىپ، كىشىلەرنىڭ دىنىدىن قېچىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەمما سۇسلۇق قىلىش تەرەپكە تەشەببۇس قىلىنسا، نەپسى خاهىشقا يول ئېچىپ بېرىدۇ» دېگەن *(مۇۋاپىقات، 5-توم، 276-بەت)*.

دېمەك، مۇپتى شەرئى دەلىللەرنىڭ تەقەززاسى ۋە پەتىۋا بېرىشنىڭ ئاساسلىرى بويىچە كىشىلەرنىڭ ئەهۋالىغا رىئايە قىلىپ، قاتتىقلاشتۇرۇۋەتمەستىن ياكى سەل قارىماستىن ئوتتۇراهال يولنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ئىمام سۇفيان سەۋرى: «هەقىقى بىلىم دېگەن ئىشەنچ بىلەن رۇخسەت يولنى تۇتۇپ مېڭىشتا نامايان بولىدۇ، قاتتىقلىقنى هەممە ئادەم قاملاشتۇرالايدۇ» دېگەنىكەن. مانا بۇ تەقۋا ۋە ئوتتۇراهال يول تۇتقان ئۆلىمالارنىڭ يۈنىلىشىدۇر.

بىلىم-مەرىپەت بولسا ئىنسانلارنى بىلمەي تۇرۇپ هۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلايدۇ، تەقۋالىق بولسا نەپسى خاهىش بىلەن هۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلايدۇ، ئوتتۇراهاللىق بولسا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن ساقلايدۇ. مانا بۇ ئىسلاهاتچى ئۆلىمالار دەۋەت قىلىۋاتقان توغرا شەرئى ئىجتىهاد بولىدۇر.

## 5 - پەتىۋا بېرىشتە ئاسانلاشتۇرۇش ئۆلچەملىرى

1. بىلىملىك ۋە ئادالەتلىك بولۇش.

2. ئاسانلاشتۇرۇش پەتىۋاسىنى بېرىشتىن ئىلگىرى مەسىلىنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش.

3. ئاسانلاشتۇرۇش پەتىۋاسى بىلەن ئەمەل قىلغاندا دەلىل ۋە قائىدىلەرنى بايان قىلىش.

4. بىر ئىشتىن چەكلىگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇباھ بولىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇش.

5. ئاسانلاشتۇرۇش پەتىۋاسى بىلەن ئەمەل قىلغاندا ھاسىل بولىدىغان مەنپەئەتنىڭ ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش.

6. ئاسانلاشتۇرۇش پەتىۋاسى بىلەن ئەمەل قىلغاندا قىيىن ھالەتنى كۆتۈرۈۋېتىش قائىدىسىنى ئېتىبارغا ئېلىش. بۇ يەردىكى سىقىنچىلىقتىن مەقسەت: بەدەن ياكى جان ياكى مال-مۈلۈككە پەيدا بولىدىغان ئارتۇق مۇشەققەتتىن ئىبارەت.

7. ئاسانلاشتۇرۇش پەتىۋاسىنى ئالغاندا بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرگە قاراپ چىقىش. مەسىلىنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراپ ئىش قىلىش ياكى پەتىۋا بېرىشنىڭ شەرىئەتتە ئاساسىي بار.

8. ئاسانلاشتۇرۇش پەتىۋاسىنى بېرىشتىن ئىلگىرى ئەمەلىي شارائىتنى چۈشىنىش مۇھىم. چۈنكى ئىجتىھادى ئەھكاملار

ۋەزىيەت، زامان، ماكان ۋە مۇھىتقا قارىتا تەسىرلىنىدۇ (ئىبنى ئابدىن مەجمۇئەسى، 123 ـ بەت).

شۇنىڭغا بىنائەن: «ئىجتىهاد خاراكتېرىدىكى ئەھكاملارنىڭ زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىشى ئىنكار قىلىنمايدۇ» دېگەن فىقھى قائىدە شەكىللەنگەن (د.ئەھمەد زەرقا: فىقھى قائىدىلەرنىڭ ئىزاھاتى، 227 ـ بەت).

**ئەسكەرتىش**

1) شەرئى ئەھكام شارائىت ۋە زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، بەلكى شەرئى ھۆكۈم بىر شارائىتتىن يەنە بىر شارائىتقا قارىتا زامان، ماكان ياكى شارائىت سەۋەبىدىن پەرق ئېتىدۇ. يەنى شەرئى ھۆكۈم كىلىش سەۋەبىگە قارىتا ھەرىكەت قىلىدۇ.

2) پەتىۋا نەپسى خاھىش بىلەن ياكى بىرەرسىنىڭ ياخشى ياكى يامان دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. بەلكى ئالىملار ئىزدىنىشتە ھېس قىلغان سەۋەب تۈپەيلىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەنپەئەت ئېتىبارى بىلەن ئۆزگىرىدۇ.

3) پەتىۋانىڭ ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەش مەسىلىسى مۇجتەھىد ياكى پەتىۋا بېرەلەيدىغان ئالىملارغا خاستۇر، خالىغان ئادەم بۇ مەيدانغا كىرەلمەيدۇ.

9. ئاسانلاشتۇرۇش پەتىۋاسى بىلەن ئەمەل قىلغاندا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتكە قاراش.

شەرئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر زامان، ماكان ۋە شارائىتقا قارىتا

ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۆلىمالار توغرا ئۆرپ-ئادەتنى ئېتىبارغا ئېلىپ خېلى كۆپ مەسىلىلەرگە شۇ ئاساستا پەتىۋا بەرگەن. مەسىلەن، بالاغەتكە يېتىش يېشى، ئالدىم-تەگدىم دېيىش مەسىلىسى، بەزى سودا سېتىق ئىشلىرى... دېگەندەك. دېمەك، پەتىۋا ئىشلىرىدا مىللەت ياكى يۇرتلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت مەسىلىسىگە رىئايە قىلىش مۇھىم. چۈنكى شەرىئەت مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ.